# ئوقۇ!



ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org



ئادىل تۇنىياز


# يېڭى ئاسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئادىل تۇنىياز

# يېڭى ئاسمان

(شېئىرلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى

# سۆزلىرىم ئاسماننى كۆرسىتىدۇ

(شائىر، ژۇرنالىست ئەسقەر ياسىن بىلەن سۆھبەت)

**ئەسقەر ياسىن:** — ئەسسالام! قەدىناس دوستۇم، قەلەمدىشىم، ئالىي مەكتەپتىكى چاغلاردا قەلەمنى چاپتۇرۇپ، شېئىرنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرەتتۇق. 20 نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ، مەنمۇ سىزدەك يەنىلا شېئىر ئىشقىدا. بىراق، ئايىغى چىقماس مۇھەررىرلىك خىزمىتى سەۋەبلىك مېنىڭ شېئىرلىرىم پۈتمىدىغاندەك ئەمەس. ئەمما، سىزنى كۈتۈۋاتقان شېئىر ئاشىقلىرىنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپىيىپ چوڭ بىر توپنى شەكىللەندۈردى. بەلكىم يېقىن كەلگۈسىدە تەرەپ - تەرەپلەردىن بۇ توپقا قېتىلىدىغانلار بىلەن بىر شېئىرىيەت قوشۇنىنىڭ سەركىسى بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمدى سىزنىڭ چاقىرىقىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق.

**ئادىل تۇنىياز:** — شائىر ھەقىنى تاپقاندا، شېئىر ھەقىقەتكە يۈزلەنگەندە، مەن بارچە كىشىلەرنى شېئىرغا چاقىرىمەن. كەتمەن چېپىۋاتقاننىمۇ، پۇل تېپىۋاتقاننىمۇ، ئۆرە تۇرغاننىمۇ، ئولتۇرغاننىمۇ، شېئىر چۈشەنگەننىمۇ ۋە چۈشەنمىگەننىمۇ.

شېئىرغا چاقىرىش كىشىلەرنى تەپەككۇرغا چىللاشتۇر. مۇقەددەس كىتابلارنىڭ شېئىرىي شەكىلدە، قاپىيەلىك چۈشۈشىدە ھېكمەت بار. ئېسىل شېئىردا مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرى ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىتى بار.

شېئىر — تەپەككۇرنىڭ بىلەي تېشى، ئەقىلنىڭ

گىمناستىكىسى. شېئىر ئوقۇش پىكىر يولىنى ئېچىشتۇر. ھەرقانداق كەسىپ ئىگىسى يېڭى مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تېپىش ئۈچۈن شېئىر ئوقۇپ تۇرۇشى كېرەك.

شېئىرنى ئوقۇپ چۈشەنسەڭ، تەپەككۇرىڭ ئېچىلىدۇ. چۈشەنمىسەڭ ئويلىنىسەن، پىكىر يولۇڭ ئېچىلىدۇ.

**ئەسقەر ياسىن:** — سىز شېئىر دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ دېمەكچىمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** — شېئىر كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدۇ، پىكىر دۇنيانىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىدۇ.

**ئەسقەر ياسىن:** — سۇ قۇيۇپ بېرەيمۇ ياكى قەھۋە ئىچىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** — پەلەستىن شائىرى مەھمۇد دەرۋىشنىڭ شېئىرلىرىدىن قەھۋە پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. قەھۋە ھەققىدە ھاياجانلىق يازمىلىرى بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى قەھۋە بەزىدە ئەركىنلىكنىڭ تەمى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. مەككىدە تۇرغان چاغلىرىمدا ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەھۋەخانىلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئالدىرىماي قەھۋە ئوتلاپ مەززە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. مەن بولسام پۇرسەت تاپسىلا ھەرەم مەسچىتىدە زەمزەم ئىچەتتىم، ئىچكەندىمۇ ئۆرە تۇرۇپ گۇپپىدىلا ئىچىۋېتىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

مەدەنىيەت ئىنسانلار توپىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى بىلەن مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي تاللاشتۇر. ھەركىم ئۆز ئېھتىياجى، ئادىتى، تەپەككۇرى بىلەن تاللايدۇ.

شېئىر بىر مىللەتنىڭ تاللاش باسقۇچلىرىدىكى ئاشۇ نازۇك روھنى — ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشخانا سىزنىڭ تاللىشىڭىز، ئەركىن يېزىقچىلىق مېنىڭ تاللىشىم. بۇ ئىشخانىڭىزدا ماڭا بىر پىيالە سوغۇق سۇ بولسىلا كۇپايە.

**ئەسقەر ياسىن:** — بۇرۇن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە راھەت بىر ئورگاندا ئىدىڭىز. يەتتە - سەككىز يىلدىن بۇيانقى شېئىرلىرىڭىزدىن مۇساپىرلىقنى، كۈچلۈك ۋەتەن سېغىنىشىنى سەزدۇق. جاھان كەزگەنلەردىن سىزنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى، دوم يېتىپ، دوم قوپۇپ تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدۇق. ھازىر ئۈرۈمچىدىكى «نۇر ۋە قەلەم» كىتابخانىڭىزدا سىزنى پات - پات كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇق. شائىرنىڭ كەسپى قانداق بولۇشى كېرەك؟

**ئادىل تۇنىياز:** — بارلىق كەسپلەر شائىر ئۈچۈن قوشۇمچە كەسپ بولۇشى كېرەك. جان بېقىش ئۈچۈن ئادەم باققال ياكى ھاممال بولسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ھەقىقىي شائىر قەلەمنى جان بېقىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك.

**ئەسقەر ياسىن:** — ھازىرغىچە 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە پارچە كىتابى چىققان مول ھوسۇللۇق شائىرسىز. ئىجادىيىتىڭىزنىڭ مەنبەسى نېمە؟ قانداق ۋاقىتلاردا شېئىر يازىسىز؟

**ئادىل تۇنىياز:** — ھەممىنىڭ مەنبەسى بىر. شېئىر ئاسماندىن چۈشىدۇ. لېكىن، قەلب ئىشىكى تاشقى دۇنياغا ئېچىلغان، روھى سىرلىق ئالەمدىن ئوزۇق ئالغان ئىنسان

تىلىغا شېئىر مۇزىكىلىق، قاپىيەلىك چۈشىدۇ. مېنىڭ ھاياتلىق سەپىرىم شېئىر سەپىرى بولدى. ئوقۇش، تىجارەت، زىيارەت ئۈچۈن قىلغان نۇرغۇن سەپىرىم ئىجادىيەت سەپىرىگە ئايلاندى. شائىر ئۈچۈن ماكاننىڭ ئالمىشىشى بالىياتقۇنىڭ ئالمىشىشى، قۇرغاق ھالەتتىن ھاياجانلىق ھالەتكە كىرىش، تىلدىكى يېڭى تۇغۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

**ئەسقەر ياسىن:** — يېقىندا سىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى» خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىپ، گويا 30 يىللىق شېئىرىيەت ھاياتىڭىزنىڭ يارقىن بىر پەللىسىنى باشلىغاندەك، جىمجىت ئەدەبىياتىمىزغا بومبا تاشلىغاندەك بولدىڭىز. بىراق بۇ نەزەرىيە بولغاچقا كۆپلىگەن كىشىلەر دەرھال ھەزىم قىلىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلار، بەس - مۇنازىرە قىلىدىغانلامۇ ئۇنچە كۆپ بولمىدى. بۇ خىل پەلسەپۋى تەپەككۇرىڭىزنىڭ رېئال ئاساسىنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باقساق قانداق؟

**ئادىل تۇنىياز:** — ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا پەلسەپە قالپىقىنى كىيگۈزمەي تۇرۇڭ. چۈنكى، ئۇ پەلسەپىدىن ئىلگىرىكى تەپەككۇر. مەۋجۇتلۇق ھەققىدە ئويلانغان ئىنسانلارغا يەتكەن ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر.

ئىنسان ئۆزى بىر سوئال، قەدىمدىن بېرى ئۆزىگە جاۋاب ئىزدىدى. ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى سوئال ئەمەس، جاۋاب. ئالەمدىن كەلگەن رىتىم، ئادەمدىن كەلگەن ئاۋاز، قەدىمدىن كەلگەن مەنىسى بار ھەربىر سۆز ئارقىلىق مەۋجۇتلۇققا بېرىلگەن جاۋاب. ھاياتلىق مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى

شېئىرىي خۇش خەۋەر. شېئىرلىرىم ھاياتىدا مەنە ئۈزۈلۈپ قالمىغان قەدىمكى بىر مىللەتنىڭ كۆزى، تىلى، قولىقى. تۇيغۇ گۈلىستانىدىن گۈللەرنى ئۈزدۈم، قەلەم ئېلىپ يازغىنىم قولۇمدا قالغان شۇ گۈلنىڭ ئازغىنە پۇرىقى.

**ئەسقەر ياسىن:** — بۇ شېئىرىيەت قارىشىڭىز باشقا تىل، باشقا ئەل شائىرلىرىغىمۇ ماس كېلەمدۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** — ئىنسانىيەتكە ئىنسان ئورتاق. بىز ئورتاق بىر يەر شارىدىكى باشقا - باشقا تىلدا سۆزلەيدىغان بىر ئادەم. ھەتتا بىر ھەقنى تېپىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئوخشىمىغان دىندىكى بىر ئادەمنىڭ بالىلىرى. نۆۋەتتە ماكان ۋە زاماننىڭ ئارىلىقى تېز سۈرئەتتە قىسقىراۋاتقان يەر شارى كەنتىدە ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئورتاق، كىرىزىس ئورتاق، تەقدىر - قىسمەت ئورتاق.

شەخسىي غەم ۋە مىللىي تىراگېدىيە تۈرلۈك ئىرقتىكى مەسئۇلىيەتچان ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە ۋە ئالەمگە بولغان مۇھەببىتى ئارقىلىق ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلايدىغان ۋاقىت كەلدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۆز ھاياتىدىكى ئۇششاق - چۈششەك دېتاللاردىن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان، بارلىقتا بىر ئۆلچەمگە — كائىناتقا يۈزلەنگەن ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى ھەممە تىلدىكى ئىنسانلارغا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىغا ماس كېلىدۇ.

**ئەسقەر ياسىن:** — مەن بىلىدىغان ھازىرقى ياۋروپا - ئامېرىكا شېئىرلىرى تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭدا شائىرلارنىڭ شەخسىي ھېس - تۇيغۇلىرى، رېئاللىقنىڭ

پارچىلىرى سىيدام ئىپادىلەنگەن. ئومۇمەن ئادەمگە يۇزلەنگەن. سىز ئادەمنى ئەمەس ئالەمنى يېزىش كېرەك، ئادەم ئۆزىگە ئەمەس كائىناتقا يۈزلىنىشى كېرەك دېمەكچىمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** — ياق، بىز ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىدا لەيلەپ تۇرغان كىچىك بىر پىلانېتادا ياشايمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا بىز بوشلۇقتا لەيلەپ قالغان. ئىنسان تەنها مەۋجۇت ئەمەس، يەر شارىدىكى ھەربىر نەرسە ئىنسان ئۈچۈن مەۋجۇت. بارلىق ئاسمان جىسىملىرى يەر شارىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مەۋجۇت. شۇڭا شېئىرلىرىمدا يەرنى، يەر يۈزىدىكى ھەممىنى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى يارىتىشتىكى ئاخىرقى مەقسەت بولغان ئىنسان مەركەز.

**ئەسقەر ياسىن:** — سىزنىڭ ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى خىتابنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇنقى شېئىرلىرىڭىزدىمۇ سىرلىق ئالەم قارىشى بار ئىدى. ئەمدى ئۇنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، يەنى ئاۋۋال شېئىرنى يېزىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى ئېيتتىڭىز، بىزگە ئۇنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرسىزمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** — ئاستىمىزدىكى ۋە ئۈستىمىزدىكى ھەممە نەرسە ئىنسانلار بىلەن باغلىنىشلىق. بىزنىڭ ئالەمدىكى ئورنىمىز ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ئورنىنى بەلگىلىگەن. مەۋجۇتلۇق ئۆزىنىڭ قارىشىدا، ئۆزىدىن ئۆزگىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بارلىق يوقلۇقنى، يەردىكىلەر ئاسماننى، كېچە كۈندۈزنى، ئىچى ئەگرىسى تېشىدا تۈزنى

كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ھەج قىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈشى بويىچە ھىجرىيە كالىندارىدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان تۆت چاسا ئۆي ـ كەبىنى چەمبەرسىمان يەتتە ئايلىنىدۇ. سائەت يۆنىلىشىگە قارشى ئايلىنىدۇ. ئايلىنىش جەريانىدا قارا تاشنى تاۋاب قىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ چوقۇندىغىنى تاش ئەمەس، ئاللاھ، كەبىدىكى تاشنى ئاسماندىن چۈشكەن دەپ قارىشىدۇ، يەنى يەردىكى تاش ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ساماۋى كىتاب «قۇرئان»غا ئاساسلانغاندا قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار... ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن، يەنى ئاسمان جىسىملىرى يەردىكى ئىنساننى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى سۆزلەر ۋە ئىجادىي سۆز مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ رېئاللىقى كەينىدىكى چەكنى، ئىلاھىي ھېكمەتنى، مەنبەنى ئىشارە قىلىۋاتقان، مەنىنى كۆرسىتىۋاتقان مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر ئىنسان ئۆزىدە ئىنسانىيەتنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. ئىنسانىيەت ئاسماندىن چۈشكەن كىتابلىرى بىلەن ئاسماننى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىز ئاسمان جىسىملىرى بىلەن بىر ئائىلىدە ياشايمىز. ئاسمانغا ناھايىتى يېقىن ياشايمىز، ھەتتا بىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىمىزدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئېگىز ـ پەسلىك پىلانېتالارنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئېگىز ـ پەسلىككە سەۋەب بولىدۇ. ئاسمان جىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرگە، ئۇرۇش ـ توقۇنۇش، ھەتتا نەسلى قۇرۇپ كېتىشلەرگە سەۋەب بولىدۇ. قەدىمكى گۈللەنگەن

مەدەنىيەتلەرنىڭ خارابلىشىشى، بابىل شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، بىزنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ئاتا بوۋىلىرىمىز قۇرغان ئۇتوپىيەلىك شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا قېلىشى ئەخلاق جەھەتتىكى خارابلىشىشتىن بولغان. بۇ تاقالغان شەھەرلەرنىڭ ئاچقۇچى ئاسماندا، يەنى تاپتىن چىققان ئىنسانلار توپى بىر - بىرى بىلەن ئارلىق ساقلاپ، بىر - بىرىنى ئايلىنىۋاتقان پىلانېتالارنى تاپتىن چىقارغان. ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ جىنسىي باش باشتاقلىقى، يۇلتۇزلارنىڭ باشباشتاقلىقىغا، ئاندىن ئاسماندىكى كەڭ كۆلەمدىكى تالاپەتكە ۋە زېمىندىكى زور ھالاكەتكە سەۋەب بولغان.

ئىنسانلار ئۆز ئەخلاقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدە يوق. پەقەت ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەخلاق بۇزۇلغاندا، ئادەمزات ساماۋى مەدەنىيەتتىن، سۇ ۋە تۇپراق مەدەنىيىتىگە يۈزلىنىپ، قاتتىق تۇزۇملىرى لايدەك بوشىغاندا ياكى قۇياش مەدەنىيىتى بىلەن ئۆز ھاياتىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋالغاندا، ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەنلىكىنى بىلىشىدۇ. ۋاقىتنى بىلىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارايمىز. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۆز تەقدىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئىنسانغا قارايدۇ. ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى شائىرلار مىسرالارغا تىزىلغان يۇلتۇزدەك سۆزلەر بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

**ئەسقەر ياسىن:** ـــ يۇقىرىدا ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ئىدىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە

بولـدۇق. ئەمـدى بىـزگە ئۇنىـڭ شـەكىل ئالاھىـدىلىكىنى شەرھلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

**ئادىل تۇنىياز:** ــ ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى ھەققىدىكى كۆزقاراشـلار مەن يـاكى باشـقىلار تەرىپىـدىن داۋاملىـق تولۇقلىنىپ مېڭىشى مۇمكىن. ھـازىرچە، مەن يەكـۈنلىگەن شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تىلنىڭ تەبىئىي رىتىمىغا، قاپىيەگە ئەگىشىش.

بۇ ئېقىمدىكى شائىر تىل ئىشىكى ئـارقىلىق ئۆزىـدىن چىقىپ ئۆز توپىغا، ئۆز توپىدىن ئىنىسانلارغا، ئىنسانلاردىن كائىناتقا قەدەم تاشلايدۇ.

ئىشىكنى شائىر ئاچمايدۇ. پەقەت سـەزگۈلىرىنى تولـۇق ئېچىۋېتىپ قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرغىنىدا ئىشىك ئۆزلۈكىـدىن ئېچىلىدۇ. شائىر ئـۆزى ئىشلىتىۋاتقان تىلنىـڭ رىتىمىغا ئەمالارچە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ھەرقانداق بىر سۆز مىللەتنىـڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ئالەم پارولى. شـائىرنىڭ ھايـاجىنى قـاپىيە ئارقىلىق كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭغا جۆر بولۇۋاتقان قايناق ئىجـادىيەت دەقىقىلىرىـدە، ھەمـمە يـارىتىلىش ئىمكـانىيەت ئىچىـدە تۇرىـدۇ. ھـېچ نەرسـە ئالەمنىـڭ سىـرتىدا قالمايـدۇ، بىرمۇ ئارتۇق نەرسـە يـاكى مەنىسىـز سـۆز بولمايـدۇ. پۈتـۈن ئالەم گويا بىر دىرىژورلۇق تايىقىنىڭ رىتىمىغا ئەگىـشىپ ئوركېـستىرغا قاتناشـقان بولـىدۇ. شـائىر كـۈيىنى تىـل ئـارقىلىق ئورۇنلاۋاتقـان بـاش ئىـسكىرىپكىچى، ئەڭ چـوڭ ماسلاشـقۇچى ۋە ماسلاشـتۇرغۇچى. قـاپىيە مانـا شـۇنداق تۇغۇلىدۇ.

2. سـۆزنىڭ تۇتقـۇچى ــ باشـلاش، داۋاملاشـتۇرۇش ۋە ھاياجان پەللىسى

باشلاش شائىرنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس. ئۇ ھاياتىدىن شېئىرنى تىڭشاۋاتقان، شېئىرنى كۆتۈۋاتقان ۋە بارلىقى بىلەن شېئىر ئىزدەۋاتقان شائىرنىڭ كاللىسىغا ئىلھام تۇيۇقسىز سۆز بولۇپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆزلەر ئالەم بوشلۇقىدىن سۆز بوشلۇقىغىچە رەت - رېتى بىلەن تىزىلىپ تۇرىدۇ. گويا ئالەمنىڭ چوڭ پارتلىشىدەك پارتلاپ چىققان ھاياجاندىن كېيىن، سۆزلەرنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىدۇ. ھاياجان پەللىسى دولقۇنغا ئوخشايدۇ. مىسرالار كۆتۈرۈلگەن ۋە چۈشكەن دولقۇندەك بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ داۋاملىشىدۇ. بىز بۇ شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ پەلسەپىۋى يەكۈنىدە «مەۋجۇتلۇق ئۇنىڭ قارشىسىدا» دېگەنىدۇق. سۆزلەرنىڭ تۇتقۇچى دەل مۇشۇ. ئەگەر ئالدىدىكى مىسرا يەر بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، كەينىدىكى مىسرانى ئۇنىڭ قارشىسى ئاسمان بىلەن باشلايمىز. ئەگەر بىرىنچى مىسرادا «ئاز» دەپ سۆپەتلەنگەن بولسا، ئىككىنچى مىسرادا باشقا نۇقتىدىن «چەكسىزلىك» يېزىلىدۇ. سۆزلەر قارمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىچىدە تىزىلىدۇ. پۈتۈننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، قولنىڭ ئىشارىتى بىلەن باشلىنىدۇ. خۇددى كۆتۈرۈلگەن دولقۇن بىلەن چۈشكەن دولقۇندەك. مەسىلەن:

دېرىزەم ئاسماننى ئاز دەيدۇ،
نەزمەمدىن قارىسام بىپايان ئىكەن.
يېرىم قار مەن دېگەن پۈتۈن ساز دەيدۇ.
چالسام پۈتۈمدا غىچىرلايدىكەن.

— «چارلىس سىمىكنىڭ يېرىم تال قېرىندىشى»دىن.

ئەگەر ئالدىدىكى مىسرادا مۇئەييەنلەشتۇرۇش بولسا، كەينىدىكى مىسرانى ئىنكار شەكلىنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشى بويىچە داۋاملاشتۇرىمىز. مەسىلەن:

مەن ئالمىدىن سورىدىم:
— كىمنىڭ قىزىل يۈرىكى سەن؟
جاۋاب بەردى ئالمىمۇ بىردىن
تېخىمۇ قىزىل سۈكۈت بىلەن.

— «مەن ئالمىدىن سورىدىم» ناملىق شېئىردىن

مۇنداق شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى شۇكى، مەيلى شائىر ياكى ئوقۇرمەن بولسۇن، تۇرمۇشتا شەيئىلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان، مەسىلىلەرگە ئۇنىڭ قارشىسىدىن جاۋاب ئىزدەيدىغان، بارلىقنى كۆرگەندە يوقلۇقنى ئويلىيالايدىغان، ھاياتنىڭ مەنىسى، مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى توغرۇلۇق تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان قىلىدۇ.

3. ئىلاج بار مەجھۇل پېئىل ئىشلىتىپ ماھىيەتنىڭ مەۋھۇملۇقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش.

بىز چۈشەنمەكچى بولغان دۇنيانىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى مۇنداق: جۈملىنىڭ ئىگىسى كۆرۈنمەيدۇ. بىراق، بۇيرۇق پېئىل ئورۇنلانغان. سان، سۈپەت، ئىسىملار ئاشۇ بىلىنمىگەن، بىلگىلى بولمايدىغان مەجھۇلنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى، تولدۇرغۇچىسى. مەجھۇلنى كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، مەجھۇللۇق بەلگە ئالامەتلىرى بىلەن

بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىگىسى بىزگە نامەلۇم بىر مەجھۇل پېئىل بىلەن، بىر ھەرىكەت بىلەن دۇنيا بولغان. دېمەك، مەۋجۇتلۇق مەجھۇللۇقتىن كېيىن، مەجھۇللۇق بىز كۆرگەن نەرسىنىڭ كەينىدىكى ماھىيەت. ھەربىر بارلىق ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا نەرسە، ھەربىر بارلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ يەنە مەجھۇلغا قايتىدۇ. بىز ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى شائىرلىرى ئىشلىتىلىشى ئوخشاش بولمىغان ئېنىق سۆزلەرگە، سۆزلەرنىڭ ئېنىقسىز مۇناسىۋەتلىرىگە، بولۇپمۇ مەجھۇل پېئىلغا تايىنىپ ماھىيەتنى، ئاشۇ مەۋھۇم مەنىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

مەجھۇل پېئىل ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىگىسىنىڭ غايىب ئىكەنلىكىنى ئەسكە سالىدۇ. مەجھۇل پېئىل گۇلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ، كىمنىڭ ئېچىلدۇرغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئۇدۇللا دېمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بەلگە - سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دارىتمىلايدۇ، ئىشارە قىلىدۇ ۋە جىمىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ دۇنيانىڭ مەڭگۈ مەجھۇللۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس.

مەسىلەن:

**مەرۋايىتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى**

ئىچى يارىتىلدى
ئىچىدىن سەدەپ.

سەدەپتەك يۇلتۇزنى

كېچىدىن كۈندۈزنى
بار قىلدى.

خالتىدىن ئېلىندى،
پەشتاختىغا قويۇلدى،
قۇش بويىنىدەك بويۇنغا
ئېسىپ قويۇلدى.

سەل - پەل سوقا.

مەرۋايىت تۇتقان نازۇك بارماقلار
سۆزلىمەيدۇ.
سودىگەرنىڭ كۆزلىرى چاقنار،
پايدىدىن ئۆزگىنى كۆزلىمەيدۇ.

سەل - پەل قىممەت.

يوق يەردىن ئېلىپ كېلىندى
ئەتىۋارلىق سوۋغا قىلىندى.
يار بوينىغا ئېسىلغاندا
بىر ئۆمرى قىسقا بىلىندى.

سەل - پەل قىسقا.

**ئەسقەر ياسىن:** — يۇقىرىقى قاراشلىرىڭىزدىن سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى چۈشىنىشتىكى يېپ ئۇچىنى تاپقاندەك بولدۇم. گويا ھەربىرىمىز يەرگە چۈشكەن بىردىن يۇلتۇزدەك، ئاسماندا بىردىن يۇلتۇزىمىز بىز نېمە قىلساق شۇنى قىلىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ قالدىم.

ئەمما، تىرىكچىلىك غېمى ھەممىمىزنى بېسىۋالغان،

ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى قالمايۋاتقان بۇ كۈنلەردە سىز بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ مۇشۇنداق ساماۋى گەپلەرنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. سىزنى نەدىن تاپارمەن؟

**ئادىل تۇنىياز:** — ئەگەر ئۆيۈم يەردىن ئاسمانغا كۆچۈپ كەتمىسىلا مېنى ئۆيدىن تاپالايسىز ياكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ئۇرۇمچىدىكى «نۇر ۋە قەلەم» كىتابخانامدىن مەن توغرۇلۇق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلەيسىز. مەن بولسام تۇرمۇشتىكى ھەربىر يىپ ئۇچىنى شېئىرغا باغلاپ، سۆزلەرنى بويلاپ ئاستا - ئاستا ساماغا ئۆرلەيمەن.

# مۇندەرىجە


سۆزلىرىم ئاسماننى كۆرسىتىدۇ.......................... 1
مېنى كەچۈر دېڭىز قۇلۇلىسى .............................. 1
ھاۋانچا.... .......................................................... 2
ماي پونكىتى ....................................................... 4
قىزىل كېپىش ....................................................... 6
بالام، بۇ ئويۇن ئەمەس ............................................ 7
بانان دەرىخى.......................................................... 9
ئاسمىنى تۆشۈك شەھەردە........................................ 10
تەڭ كېچىدە مېتروغا چىقىش................................. 13
ناننى دەپ كەلدىم.................................................... 14
ئۇيغۇر تىلىدا ئىسمى يوق مېۋە.................................. 16
خېمىر يۇغۇرۇش ماشىنىسى ....................................... 17
ئىلياسنىڭ بېشى ................................................... 18
ئادەمگىياھ............................................................... 19
دالىدىكى تاش ....................................................... 21
قۇرتئوت.. .......................................................... 23
قىزىل ئامۇتنىڭ مەنىسى ........................................ 24
دېڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرى....................................... 26
تېلېفوندىكى داداڭ ............................................... 28
جەرەن قايتتى......................................................... 30
قوزىلىغان قوينى چۈشىدىم ...................................... 31
ئىسسىق بەلباغ كىشىلىرى ....................................... 32

ئاناناس — ئەتىگەنلىك مېۋە ........ 34
دۇكان ئىجارە ئېلىش توختامى ........ 35
ساھىلدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ........ 37
كاشتان چاشقىنى ........ 38
تىل سەپىرىمدە يېرىم كۈن توختاپ ........ 39
بەش كىلودىن ئېغىر بەش كىلو ........ 41
ئەتىيازدا قەغەزدە ئۈنگەن كۆك ........ 43
ئاسما مايكام ........ 45
بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ........ 47
بېيجىڭ رەسەتخانىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ........ 50
ھۇجرامنىڭ بىر كەچتىكى تەسۋىرى ........ 51
خان بالىق ........ 55
دەريا بويىدىكى شەھەر ........ 57
كېيىك ئاغزى يېزىسى ........ 59
رەسسام ........ 60
توغاچ ........ 61
ئۈچ ھالقا ........ 62
گۇاڭجۇغا يېقىن بىر بېكەتتە ........ 63
سودىگەرنىڭ سەپىرى ........ 64
قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى دەرۋازىسى ئالدىدا ........ 66
فىكوس دەرىخى ........ 68
ئىككى خېرىدار ........ 69
سۇ ئامبىرى ........ 71
ساتىراش ئۇستام ........ 72
ھېكايىسىدىكى ھۇرپەيگەن كىشى ........ 74
نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ........ 76
سۆزگە كۆيۈپ قالغۇچى ........ 78

دېڭىز بويىدىكى ئاق داچا........................ 80
مايمۇن ئارىلى ........................ 82
قارغا قارشى يۆنىلىشتە........................ 84
شەكۇرەنىڭ تويى ........................ 86
كونا ئاياغ ساتقۇچى ئايال........................ 88
سودىگەر........................ 91
مازار بېشى ........................ 93
مۇقام پايتەختىدە........................ 94
ئايروپىلاندىن چۈشۈۋېتىپ ........................ 96
ياز كەينىگە يېنىۋالدى........................ 98
ئاكامنىڭ تېلېفونى........................ 99
تاكسىدا كېتىۋېتىپ ........................ 101
كۆرۈش بىلەن ئاڭلاش ئارىسىدىكى خان كەنتى........................ 102
شېئىرنىڭ ھېكايىسى........................ 107
خوراز نېمە دەيدۇ........................ 108
كۆك ياڭاق........................ 110
قۇش خەرىتىسى........................ 111
ئىككى چۈمۈلە گەپ قىلىشتى ........................ 113
يەكەن چىلتەنلىرىم مازىرىغا دېرىزىدىن نەزەر ........................ 114
بىز ئۆلۈمنىڭ قوشنىسى ........................ 116
ئاپرېل كەلمەكتە كۆك پىكاپ ھەيدەپ........................ 120
دېرىزەمدە ۋىچىرلايدۇ قۇشقاچلار ........................ 121
نورۇز ئېيىدا خۇدۇكسىرىگۈچى ........................ 122
مەنزىرە سىرتىدىكى مەن ........................ 123
ئىسسىق بولكا ........................ 124
ئەڭ چوڭ يۇك ماشىنىسى........................ 126
بوۋام قۇرت يېگەن ئالما يەيتتى........................ 128

توردىكى بېلىق ........................ 131
يېڭى ئاسمان ........................ 133
يازنى كېسىپ ئۆتۈش ........................ 135
كېچە يۈزۈمگە سۈركەلگەن قارا ........................ 137
تېشىلگەن قاڭشار ........................ 139
بۇ يوللاردا مېڭىش تەس بولدى ........................ 141
جىنلىرىم بىلەن يىغىندا ئىدىم ........................ 142
شېئىرىيەت مۇكاپاتى ........................ 144
قىيپاش ئۇچقان قارلىغاچ ........................ 147
سەپەردىكى ئۈچ دوست ........................ 149
دېڭىز دېلفىنى ........................ 151
گۇگۇمغا كىرىپ ........................ 153
بىر - بىرىمىزگە كۈلۈپ قارايلى ........................ 154
يامغۇر قەپىسى ........................ 155
كوچىنىڭ ئايلانمىسىدا ........................ 156
يېشىل كارتا ........................ 157
يېرىم كوچا ........................ 159
مەن چەت ئەلدىكى كۈنلەردە ........................ 162
شائىرنى تۆت پەسىلدىن سورىساڭلار ........................ 163
تېرىقچى ........................ 164
كۆتۈرۈپ ........................ 165
يانفون ........................ 166
بىر تىلىم تاۋۇز ........................ 168
دەرەخلەر ئىشىكنى چەكسە ........................ 169
ئاپتاپ ........................ 171
ئۇيقۇسىزلىق ........................ 173
گاچا پەلتو ........................ 174

يات كوچىلاردا ........................................ 176
دوقمۇشتىكى بىر ئۆيىنى ئۈچ تەرەپتىن كۆزىتىش............ 177
دېڭىز مەھسۇلاتى زىياپىتى .............................. 179
ھاۋا رەڭ.. ............................................ 180
مېھمانخانا ئالدىدىكى مۇساپىر............................ 181
تومۇزدىكى تومۇزغا...................................... 183
ئاق بۇلۇت تېغى ........................................ 184
شارقىراتما............................................. 186
قارلۇق ئۆستەڭ.......................................... 187
مەن چىۋىن ............................................ 189
تۇخۇمنىڭ قۇرۇلمىسى ..................................... 191
چۇمۇلە مېيى............................................ 192
يۇرتلۇقلار يىغىلغاندا .................................. 194
بۇ مىسرادا............................................. 196
ئاق ئۆرۈك.............................................. 198
رادىيودىكى قەبرە........................................ 200
ماشىنا سۇغۇرتا شىركىتى................................. 202
نىگاھ.................................................. 204
بوغۇز.................................................. 205
قەشقەر خەلق باغچىسى.................................... 207
گىلەم ئۆلدى ........................................... 209
سەھرادا يالاڭئاياغ مېڭىش .............................. 211
تام.................................................... 212
گۈل ۋە مەقبەرە ........................................ 214
تۆمۈر ئاشىقى............................................ 216
مۇشۇك پىياز يېگەندەك................................... 219
تۇپراق بېشىدا........................................... 221

دادا قوشۇق شەيخ ........................................ 222
ئۆستەڭ بويى كوچىسى ........................................ 223
سۇلتان سۇتۇق مازىرى........................................ 225
قۇمچاق........................................ 227
شىئىرنى قانداق ئوقۇش كېرەك ........................................ 228
چۇجە موللامنىڭ مانتىسى ........................................ 230
ئەنجۇر پىشتى........................................ 232
شامالنىڭ ئىچىدىكى........................................ 234
ۋاقىتنى ماگدۇرغۇچى ۋە توختىماي قول سائەتكە
قارىغۇچى........................................ 235
مېنىڭ قوشنام ساقچى........................................ 237
كەلپىن چامغۇرى........................................ 239
جەنۇب شېۋىسى........................................ 241
قىشلىق چاق........................................ 243
پارچە ساقال ........................................ 244
كىيىم........................................ 245
چىۋىن دورىسى چاچقاندەك ........................................ 247
كېپىل ئىزدەش ........................................ 249
تۆت تۇپ دەرەخ........................................ 251
قۇم رەسىملىرى........................................ 253
ئۇرۇق - تۇغقانلار باراۋىتى ........................................ 255
ۋانىدا يۇيۇنۇۋاتقان ئىككى ئوغلۇم ........................................ 257
تۇرپان..... ........................................ 258
چاقچاقچىلار سورۇنى ........................................ 260
دېھقانلار بازىرى ........................................ 262
ئىككى تۇتقۇچلۇق ئەگمەچ جامدا قەھۋە ئىچىش ........................................ 265
ئايالچە ئاياغ ........................................ 267

شاھمات........................................................ 269
قاسقان شەپكە.................................................... 271
تاپانبىلىق تىغى .................................................. 274
ئانام بەرگەن تەكىي.............................................. 276
ئات........ ............................................................. 278
بىر كوُن ياكى بىر كوُندىنمۇ ئاز .................................. 280
چارلىس سىمىكنىڭ يىىرىم تال قىرىندىشى ..................... 282
شاللىق بىنا ........................................................ 285
يەرلىك سەۋزە .................................................... 287
ئايكۆل.... ........................................................... 289
كونا شەھەر....................................................... 291
ئالما ۋەقەسى ..................................................... 296
ئاق كىگىز ........................................................ 297
ئۆيگە كىرمىگەن ئوخشايمەن....................................... 299
كەچلىك بازارنىڭ قەبرىسىدە ...................................... 300
كاشتان دېگەن نېمە؟ ............................................ 302
تەن خەرىتىسى ..................................................... 304
يوُرەك تىقىلمىسى قەسىدىسى ...................................... 306
چايخانىدىكى كىشىلەرنى ياندىن كۆزىتىۋاتقان ئەينەك
بىلىقداندىكى تاپانبىلىققا........................................... 308
قومۇلدا چىلان يەۋاتقان بىر كىشى ................................. 309
The English Word ................................................... 312
ئىنگلىزچە سۆز .................................................... 313
Outside of the Kitchen ............................................ 314
ئاشخانا ئۆيىنىڭ سىرتى.............................................. 315
A Rose Named Cockroach ........................................ 316
سۆۋەرەك دەپ ئاتالغان بىر گۈل .................................. 317

The Wind .......... 318
شامال .......... 319
The Onion .......... 320
پىياز .......... 321
The Moon in Another Tongue .......... 322
باشقا تىلدىكى ئاي .......... 323
The Man Who Spoke with the Black Stone .......... 324
قارا تاشقا سۆزلىگەن ئادەم .......... 326
The Pomegranates of Kashgar .......... 328
قەشقەر ئانارى .......... 329
A Horror Movie .......... 330
قورقۇنچلۇق كىنو .......... 331
Traveler .......... 332
سەيياھ .......... 333
A Poem in the Uyghur Tongue .......... 334
ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر شېئىر .......... 335
Walking Past the Beijing Planetarium .......... 336
بېيجىڭ رەسەتخانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش .......... 337
ئىنگلىزچە شېئىرلىرىم ھەققىدە .......... 338
Editor Bio .......... 345

# مېنى كەچۈر دېڭىز قۇلۇلىسى

مەن بېلىق ئىدىم،
سىمابتىن سىلىق بېشىم
ئالماس كۆزلۈك شاھ تاجىدەك.
بېشى باشقا بىر توپ ئادىشىم
ئالەم بېغىدا توزۇتۇپ چېچەك
تەخسىدىن ماڭا سوزماقتا چوكا.

ئولتۇرغان يېرىم دېڭىز قېشى،
قېشىمدا ئاشۇ بىر توپ كىشى —
بېشى ئالەمنى سىغدۇرالمىغان.
كەچۈر مېنى، دېڭىز قۇلۇلىسى
بۈگۈن بۇ يەردە قۇم ئادىمىنىڭ
تۈنجى قېتىم سېنى يېيىشى.

ئاغزى ئوچۇق قۇلۇلە قېپى
چىمىلداپ ئىچىگە توشتى ئاق قۇم،
جىمىرلاپ باغاشلىدى دولقۇننى.
ئاينى بۆلگەندەك بۆلۈپ قويدۇم
يېرىم مىسرا شېئىردا ئۇنى.

مەن بىر قۇلۇلە ئىدىم،
ئۈستۈمدە كۆك ئاسماننىڭ قۇرۇلمىسى.
ئاسمان قەيەردىن كەلگەندۇ دېدىم،
ئىچىمنى يورۇتۇۋەتتى سۆزنىڭ ئۇرغۇسى.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

## ھاۋانچا

سۆزلەرنى ھال رەڭ سوزۇپ
سۇغا سالسام،
ئىلھامىم بىلەن قوشۇپ
بىردىن - بىردىن يۇمشىتىۋالسام،
ھاۋانچىدا ئېزىپ سوقۇپ
تەييارلاۋاتقاندا مۇچنى ئانام.

مېنىڭ ئەسلىمەم قىشتىنىمۇ قىسقا،
قار مەلىكەم پەشتاما تارتىپ
ئاشخانىدا چۈشكەندە ئىشقا.
رەنجىتتىم نېمىشقا؟
قالدى ماي تارتىپ.
ئىككى مىنۇتتا
يىگىرمە نەچچە يىلنى ياشاپ بولدۇق،
ئارقىغا قايتىپ.

دۇنيا ۋاقىتقا قۇرۇلىدۇ،
دۇنيا تۈيغۇ ئەمەس
ۋاقىت — تۈيغۇ.
توختايدۇ، ئېگىلىدۇ، بۇرۇلىدۇ،
ئالەم ئۆچمەي چاقناپ تۇرىدۇ.
ھەرىكەتلەندۈرگۈچى
ئوبدان ئويلىمىساڭ يوق تۈيۈلىدۇ.

دۇنيا بار،
ھاۋانچىدەك تار سۆزگە كىرىپ
سوقۇلماقتا گۇناھكار شائىر.
قاسراقلىق بىر قوۋم كېتەرمۇ ئېزىپ
قوبۇل بولغۇچە توۋىسى ئاخىر.

2013 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

# ماي پونكتى

بۇ مىسرانىڭ ئاستىدا
ئۈچ تال كەپتەر تۇخۇمى بار،
سىلىساڭ قولغا ئۇرۇنىدۇ.
ئۇنىڭ ئاستىدا
قىزىل چېچەكلەر يامىشىۋاتقان
بىنىزىن پۇراقلىق جاي قۇرۇلىدۇ.

ئايپالتا كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئادەم
يېڭى يول تېپىپ، ئۆزىنى چېپىپ،
باشسىز ئارقىغا بۇرۇلىدۇ.

قۇملۇقتىن ئىسسىق شامال ئۇرۇلىدۇ،
چىنار ئۆسكەن بىر سەترەدە بىز،
ماشىنىمىزنى قايتۇرۇپ تېز،
ماي قاچىلىدۇق.

قەغەزنىڭ چوغلانغان تەرىپىدە
ئۇشتۇمتۇت سۆزلەر پارتلاپ
ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ،
چىشى ئوقۇرمەن قېچىشقا باشلاپ
قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ زوقى كېلىدۇ.
تەلۋىلەرچە ئۇسۇپ كېلىدۇ،
يولدىن چىققان بىر قارا پىكاپ.
ئويلىماستىن كىم قويغان ياساپ...

ئۈستىدە ئاسمان
زېمىن ئەڭ باي،
زېمىن ئاستىغا قەيەردىن كەلگەن
سەن ماي قۇيىۋەر مەن ئويلىناي...

ماي پونكىتىدا تۈگەپ قالار ماي،
شېئىر تۈگىگەندە
قەغەزدە ئاق ئاي.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

# قىزىل كېپىش

ئۆيدىن چىقىش!
ۋارقىرىدىم مەن نەم ئاۋازدا،
مېھمانخانىدا ئايالچە كېپىش
پۇتسىز غىلجىڭلاپ مېڭىۋاتقاندا...

بىر پېيى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى،
قىزىل رەڭ مېنى يېڭىۋاتقاندا.
پۇتۇم بىر پايدا قىستىلىپ كۇلدى،
بىر دۆۋە قوم مەن، چىشى كارىۋاتتا.

قاچماقتا بىر ئايال زورلۇق بىلەن
يەردە سۆرەلگەن تېرىسىدىن.
يىقىلدى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن،
بىر سايە يېتىپ كەلدى نېرىسىدىن.

پۇتنى ئەمەس كەشنى ياسىدى.

كېرىلىپ كەتكەن كەش
ماڭا بۇ كەچ
ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى،
پۇت ياسىغۇچى ھەممىنى بىلگەچ
ئىچىمگە ۋاللىدە نەزەر تاشلىدى.

ھۇجرامدىن چىقىش!
كارىۋات يېنىدىن ھاجەتخانىغا
قېچىپ كىرىۋاپتۇ قىزىل كېپىش.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

# بالام، بۇ ئويۇن ئەمەس

مەن بىر قاچا سۇ ئەمەس،
تەن، كۆزى بار، پۇتى بار بىلىق.
سەن بىلىقنىڭ ئاغزىدىكى كۆپۈكتەك
ئەڭ ئىچىمدىن لەيلەپ چىققان ئاق چېچەك.

ھاياتىمنى تەستە ئىتتىرىپ
ئەكېلەلىدىم سەن بار يەرگىچە،
كۆچۈم قالمىدى ئەمدى تېز كېلىپ
ھەمدەم بول بالام، ئۆلۈم كەلگۈچە.

بىراق سەن گىلەمنىڭ گۈل بەرگىدە
ئۆزۈڭنى شەبنەمدەك يېنىك سېزىپ،
ئويۇنچۇقلىرىڭنى ئويناپسەن تىزىپ.

بىر تانكا،
ئىككى كىران،
ئۈچ تانكا.

بىر قۇشقاچ،
ئىككى قۇشقاچ،
ئۈچ ئاق قۇشقاچ.

سۆزلەر ئاغزىمدىن پالاقلاپ ئۇچقاچ،
قەغەز توسۇپ قويدى ئاسماننى.

ئاسمان كۆك ئىدى، بۇلۇت ئىدى ئاق
ئۆستەڭگە سەكرەيتتۇق يازدا يىلتىڭلاپ،
قىشتا پاختەكتەك دەسسەيتتۇق قارنى.

بىراق سەن پاختەكمۇ كۆرۈپ باقمىدىڭ،
قاپلىدى لەمپىمىزنى ئاق جىمجىتلىق.
قارغا چىقايلى دېسەم «ياق» دېدىڭ
قاپلىغان شەھەرنى ئاق جىمجىتلىق.

نۇرغۇن ئويۇنچۇقلار قاتارىدا
تاپانچىمۇ ئۆلىدۇ ئوغلۇم،
گاھىدا.
بىراق ئۆلگەنلەر تىرىك چوقۇم
ياراتقۇچىنىڭ دەرگاھىدا.

مەن سۆزلەرنى ئوينايمەن،
قەلەم تەگكۈزۈپ، تۇغدۇرۇپ
ھەر قىسما تىزىپ.
رىتىم نەدىن كەلدى ئويلايمەن،
ھەر تىنىقتا بىر كۈچنى سېزىپ.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

# بانان دەرىخى

يول بويىدا توختىغان كىشى
قىلىپ ماشىنامغا قول ئىشارىتى
يازنىڭ خەرىتىسىنى سىزدى.

كۆرگىنىم ئۆمرۈمنىڭ كۆپ چېكىتى،
كۆرمىگىنىم بانان دەرىخى
ماڭغاندا كۆرگىلى ئالايىتەن.
مەن چۈشكەن ھال رەڭ مېترو بېكىتى
بىر سېۋەت بانانىنىڭ شەرقىدە ئىدى.

يوپۇرمىقىڭىز يوغان ـ يوغان،
سۈكۈتىڭىز يامغۇردا ھۆل بولغان.
بويىڭىز غۇنچە بوي، ئەمەسكەن ئېگىز،
سىلاي دېسەم يۈزىڭىز نېپىز
تونۇدۇم ئاق سېرىق مېۋىڭىزدىن.

مەن بولسام بىر تۈپ قارا بانان
مېۋەم ساڭگىلاپ تۇرغان ھالدا،
تىترەپ كېتىمەن قىزدەك شامالدا
مۇقەددەس كىتابى ئېچىلغان ئاسمان
بولىدۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك دالدا.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# ئاسمنى تۆشۈك شەھەردە

كۆكتىن تارتىلغان كۈمۈش پەردە،
يەردە بىر كاتىپ
يازماقتا يامغۇر تۈزگەن مىسرالارنى
قاپىيەسىنى ئاسماندىن تارتىپ.
تامچىسى قەغەزدىن ئۆتۈپ كەتتى،
كەتتى بىر شائىر بۇلۇتقا ئارتىپ
ئېسىلىپ قالغان سۆز مەنىسىنى.

تاش ئالمىنى قايتۇرۇۋالدى،
كوسىدە بىر چىشلىسەم تاش ئالمىنى.
رەستىدە كۆزلىرىم كۆرۈپ قالدى
ھۆل شايى يۆگىگەن قوش ئالمىنى.

نېمىدېگەن جىق ئوق،
ئۆلگەن ئادەم يوق، قاچقان ئادەم بار،
كىيىملىرى چىلىق - چىلىق ھۆل.
كۈنلۈك كۆتۈرۈۋاپتۇ فىكوس دەرىخى
يامغۇردا قالدى تىلىم قۇرۇق قول.
سۇنىڭ سېمونتتا يۈرىكى سوقار...
تىرنىقى ئۇزۇن سۇيۇق ئايال
لۆم - لۆم كارىۋاتتا يالغۇز ئولتۇرۇپ
قولىنى تىقتى
تۇكلۈك مېۋىگە.

يۇقىرى بېسىملىق قازاندىن مۇشۇك
قېچىپ چىقتى كوچا ئىچىگە
تىرىك پۇرىقىغا ئەگىشىپ،
ئەرۋاھى ئايلاندى ئاشۇ كىشىگە.

چۆرىدەپ شىرەنى كەچ بولدى دۈگىلەك،
دۈگىلەپ كەلگەن ئاق شىشىخالدىن
ئىزدەپ راھىبنى تۆت چاسا سۆڭەك —
تاپتى قۇدۇقتىكى شىمالدىن.

تاملار تاتارغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭدا
بىرمۇنچە ئادەم يۇيۇنۇۋاتقان.
ئاپئاق ھور چىقىپ تۇرغان بۇلۇڭدا
ئۆزىنى كۆرۈپ قورقتى بىر چاشقان.

يانفوندىكى تاش ئورۇندۇقتا
بىر سايە
كۆتۈردى كۇنلۇك تۇتقان سايىنى
ھارارەتلىك گۆشلۈك لېۋىدە،
قۇلاققا كۆمۈۋېتىپ پاڭقاي يارىنى.
گىژىلدىغان ئۇزۇك ئاۋازدا
قانداق ئۆلىسۇن يۈرەك تارىنى؟
نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق يازدا.

ۋارقىرار ئاپتوبۇستا نېرۋا كېسەل:
— ياش يانچۇقچىلار قىلىڭلار دىققەت
ساقچىنىڭ يوغىناپ كەتتى يۈرىكى،

ياشىسۇن ئوغۇل بالىنىڭ
ئوغرىلانغان بۆرىكى، دەپ.

كوچا ئاپتوبۇسلىرى
سۇدا ئۈزەر،
تامچە ـ تامچىدا ئالەمنىڭ يۈزى،
ئەينەككە غەرق بولغان بۇ شەھەر.

ئاسمان يەلپۈگۈچتەك يىغىلار بىردەم
تاغۇ تاش يىغلار ئايلىنىپ سۇغا.
بىزگە قىلغاندەك رەھمەت قىل، ئىگەم
ئۆزلىرىنىمۇ تونۇماس ئۇلار.

لاي سۇ ئاسماننى كۆرسەتتى غۇۋا،
تاش ئېيتتى مەن قەيەردىن كەلگەن.
يامغۇر پىچىرلايدۇ قىلىپ دۇئا،
دەرەخلەر يىغلاپ قول كۆتۈرگەن.

يوچۇن دېرىزىنىڭ كەينىدە
بىر ئوچۇم قەغەزنىڭ مەركىزىدە
ئۈيغۇر تىلى چۈش كۆرمەكتە،
بۇغداي ئۆڭ بىر مېۋە ئويغاندى زېدە.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاي.

# تەڭ كېچىدە مېتروغا چىقىش

كېچىنىڭ يېرىم ئانار پارچىسى
ئاق رىشاتكىلىق يول ئاغزىدا،
قارامتۇل تەم تىتىلدى ئىتتىك.
يەرنىڭ ئاستىدا
قاپتۇ ھەم ئويۇلغان يېرىم پارچىسى
چۈشكىنىمدە پەشتاقلاردىن تىك.

مېترو بېكىتى
قورقۇنچلۇق،
ئادەم يوق يەردىن ئېتىلىپ چىقتى
ئوق يىلاندەك سىزىقلار ئۇچلۇق.

رەت - رەت ئورۇندۇق
باشقۇرغۇچى يوق،
ماغدۇرسىز ئولتۇرۇپ يا ئۆرە تۇرۇپ.

ئورۇنلاشتۇردى بىر ئۆمۈر لېكىن،
ئاخىرقى بېكەتتىن ئۆتۈپ كېتەرمىز
ۋاللىدە يورۇغان ئۆلۈمدىن كېيىن.

2013 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

# ناننى دەپ كەلدىم

ئۇزۇمتالدىن تۇغۇلغان خەلقىم
ساڭگىلاپ تۇرغان پىشىپ، مەي باغلاپ.
ئۇزۇلۇپ چۈشكەن بىر ساپاق بەلكىم
چېچىلىپ كەتكەن تەرەپ - تەرەپكە.

ئۇچرار ئەرەبكە
ئەزان ئاۋازىغا ئەگىشىپ
بېلىق ھىدى تولغان كوچىدا،
قالار ناۋايغا كۆزى چۈشۈپ،
كۆزىتىش ئاپپاراتى بىنا ئۇچىدا.

ئۇچى يوق شەھەر،
چاشقانلار چۈشىدىن ماراپ تۇرار
يۇلتۇزلار تۇننىڭ قوڭغۇرىقى.

نەم خىياللار تولا تەس قۇرار،
بازاردا يامغۇر ۋە مېۋە يورۇقى.

سوراپ كۆڭلەكچان جىق يولۇچىدىن،
ئايلىنىپ بەش - ئالتە خالتا كوچىدىن،
سارايدىن بۇ يەرگە نان ئىزدەپ كەلدىم،
ئەي ناندەك ئىسسىق مېھرىبان خەلقىم.

بىز ئادەملەر قاناتسىز كەپتەر
رىزقىمىز زېمىنغا چېچىپ قويۇلغان.
يۇمىلاق قىلىنغان بىز ئۈچۈن يەر،
ئاسمان كۈنۈ ـ تۈن ئېچىپ قويۇلغان.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.

# ئۇيغۇر تىلىدا ئىسمى يوق مېۋە[1]

تىل بوشلۇقىدا
ئورنى بار يۇلتۇز
كۆزىتەر زېمىنغا تىكىلگەن كۆزنى،
بىز دەرەخ نېچۈك چېچەكسىز، خىرە؟
«durian» دېگەن پىشقان بىر سۆزنى
كۆتۈرۈپ تۇراتتى تۆت چاسا شىرە.

شىرەدىكى پۇراقلىق مېۋە
سېسىق گۇزەنمۇ تۇغۇلغان شاختا؟
تىكەنلىك مېۋىمۇ يا تومتاق كىرپە
تارتتى دىققىتىمنى ئاستا ـ ئاستا.

باققال ئەپچىل پىچىقى بىلەن
پارچىلاپ چىقاردى ئاق ئەتنى ھە دەپ،
قۇلۇلە قېپىدىن ئالغاندەك سەدەپ.

ئۇيغۇر تىلىدا تېتىدىم تەم،
شېئىرىمنى تامشىپ توختىماي.
ئالەم تىلىدا يوقتۇر ماڭا غەم،
قەلىمىم ئۇچىدا توختىدى كۆك ئاي.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

[1] ليۇ لىيەن (榴莲) — تىروپىك بەلباغدىن چىقىدىغان تىكەنلىك، قوغۇندەك چوڭ مېۋە، پۇرىقى كۈچلۈك، لېكىن ناھايىتى يېيىشلىك.

# خېمىر يۇغۇرۇش ماشىنىسى

خېنىم ــ بۇغدايلىق
جېنىم دولقۇنى،
يالاڭئاياغ ماڭغىنىمدا شېئىردا
ئېچىلغان چېچەكتەك ئىككى پۇتى.
كۈندۈز ــ ئاق ئۇن، قولى خېمىردا
قولى بىلەن كېچىنى تۇتتى.

كۆز ــ تاپانچا تەڭلەنگەن
بارچە دەرەخلەرگە بىر - بىرلەپ.
ئابلاجان خېمىردىن چىققان ئادەم
زاۋۇت ئىزدەپ ماڭدى مەن بىلەن
يامغۇرلۇق شەھەردىكى تار كوچىغا.
ئاق مەسچىت بار ئېگىز سەھەردىن
گۈگۈمنىڭ نۇرسىز، تۈكلۈك ئۈچىغا.

دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى
سېمونتتىكى قۇرتنى پۇت.
خېمىر ماشىنىسى چىرقىراپ كەتتى،
بىر كاشىلا چىقىپ ئۇشتۇمتۇت
تېخنىك ئوڭ - سول پىرقىراپ كەتتى.

بىلگەنلىرىمىز ئوڭ ياكى چەپ يول
قارىساق ئالەم ساق، ئادەمدە چاتاق.
ئوغلۇمنىڭ مېڭىسى خۇدا ماڭغان يول،
دوختۇر قەغىزىدە ئىزى ئاپئاق.

2013 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

# ئىلياسنىڭ بېشى

گىل رەڭ يەكشەنبە كەچ
يۇمران بەرگىگە
يىغدى كۆز يېشى.
پەرىشتىنىڭ ئىشى ــ
يامغۇرنى تۇتقاندەك تۇتۇۋېلىش
چۇشكەندە ئوغلۇمنىڭ ئالتۇن بېشى،
ئارقىچىلاپ كارىۋاتتىن يەرگە.
مېڭەمدە ئەكس سادا چىرقىرىشى
قوڭالتاق پۇتلىرىم يىغلار مەرمەرگە.

ئاتىنىڭ بىخەستەلىك قىلىشى
بىر ئۆمۈر ياكى بىر دەقىقە
ئۆزى سولانغان ۋاقىت تۈرمىسى.

بىزنىڭ ئىشىمىز بۇزۇش، تاشلاش
پەرمەنبەردار مالائىك ئىشى
جايىغا كەلتۈرۈش، باشتىن باشلاش.

خۇداغا شۈكۈر
تەگكۈزمىدى
شەيتان قارغا ئېلىپ ئاتقان ئوقنى
بارنى يوق قىلدى، كۆرسەتتى يوقنى.

2014 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

# ئادەمگىياھ

مەن ئاڭلىغۇچى،
قۇلىقىم ماڭدى تىك قىياغا.
كىشىلەر تاغدىن ئىزدەر يىپ ئۇچى
ئۆزگەردىمۇ دەپ ئادەم گىياھقا.

ئاي تولغان كېچىدە،
قىيادىكى گۈللەر ئىچىدە
ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان بىر گۈل بار،
ئادەمگىياھ دېيىلەر ئېتى؛
ئۇزسەڭ بېشىنى قىزىل پېتى
يەرنىڭ تېگىدە قاچاركەن پۇتى.

مەن ئاڭلىغۇچى،
بىر مويسىپىتنىڭ ئاغزىدىن چىقتى
سۆزلەر بوۋاقتەك كۆرۈنۈپ ئۇچى.

«ئادەمگىياھ —
ئوت - چۆپلەر ئىچىدىكى بىر ئەۋلىيا...»

تۇز يولۇم مايماق، پۇت - قولىرىم — شاخ
ساقچى قېشىدىن ئۆتتۇم غىپپىدە.
يامىماقتا ئاسماننى قۇياش
ساڭگىلىغاننى زەر يىپى، دە.

مەن ئاڭلىغۇچى،
ــ كەل، دېدى كەلدىم ئادەم يوق يەردىن،
بىر گىياھ ئۆسمەكتە ئاسمان چېتىدە.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

西北民族大学图书馆
01956912

# دالىدىكى تاش

(كانادا يازغۇچىسى ئىلىس مونرونىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىگە)

بىر شېئىرنى تىكتىم مەن دوغا
بىز ياشاۋاتقان ھېكايەڭ ئۈچۈن.
قويۇپ بەردىم تىلىمنى سۇغا،
سۆزلەر ئۈزسۇن قالمىسا كۈچۈم.

قەغەز ئېغىر
دادام كۆمۈلگەن بىر پارچە يەردىن.
ئارىمىزدا تام، كۆرگەندە بىر تىل
ئۈچقان ئايالنى ئاق پەيدەك يەڭگىل.

مەن ئەگەشتىم قارا سىياھقا
ساڭا ئەگەشتى دالىدىكى تاش.
كەپىدە ئولتۇرۇپ كەتتىم خىيالغا
تىل راكىدا تىركەشكەن بىر ياش.

سويۇلغان توشقاندەك
قىپقىزىل قول
ئايروپىلاندا تۈتتى قولۇمنى.
بۇلۇتلار ئاق ئەرۋاھ ماڭا ھەمراھ بول
تېپىۋالغۇچە كۆكتىن يولۇمنى.

ماڭغان ئادەم ئۇشتۇمتۇت ئۆلدى،
تاش ماڭدۇرۇلدى، قۇملار كىچىك ئىز.
تام تۆشۈكىدەك تۆشۈك كۆز كۆردى
ئارقىسىدىكىنى كۆرەلمىدۇق بىز.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

# قۇرتئوت

بىر مۆجىزە — بىر سورت
قىشتا قۇرت، يازدا ئوت.

تۇتالايسەن، مەھكەم تۇت
مېنىڭ نېنىم قېنى دەپ.
ئويلاپ قالما ئۇشتۇمتۇت
جان ئۆزۈڭنىڭ جېنى دەپ.

جېنىڭ كېتەر ئولتۇرۇپ
بىر پارچە ئاق بولۇتقا.
يېشىل ئاڭلار يازدا ئوت
قىش سۆزلەيدۇ قۇرتقا.

2013 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

# قىزىل ئامۇتنىڭ مەنىسى

قۇرتلىغان قىزىل شەھەردىن
بوغۇم ـ بوغۇم چىققان ئەر كىشى
كۆردى ئايالنى ساپىقى يوق،
تۆشۈك تېرىسى.
ئەمما ئامۇتتەك پىشقان ھەر ئىشى.

چوڭ ئوغلۇم قۇستى،
ئۇستى تامغا
چىداپ بولالماي باش ئاغرىقىغا.
جىمجىتلىق توستى
نېرۋىسىنى كۆز پەسلىدىكى.
بەزىدە كىتاب ئۇنىڭ قىز دوستى،
ئاھ ئوماق مەھبۇسلار يەسلىدىكى
ئوغلۇم توساتتىن ماڭمۇ قۇستى.

ئاشخانىدىن چىققان
بىر تۇپ يېپىسىۋىلەك،
ئۇخلاۋاتسام ھۇجرامنى قاقتى
مېڭىشلىرى پاكار دېدەك.
بىر ئايىغىم ئىشىكنى ئاچتى
بىرى قاچتى ئالدىراپ ـ تېنەپ.

چىۋىن يوقىدەك گۇناھلىرىم
ئاق يۈزۈڭ، ئاق قەغەز ۋە ئەينەك ئۇستى.

چۈشىن گىژىلداشتىن كۆڭلۈم يېرىم
تۇرمۇش يولۋاس يولۇمنى توستى.

قارىدى مەستتەك،
قول ئۇزىتىپ
يېدى بىر تەستەك،
قىزىل ئامۇت قىزىل ئەمەستەك.
يات شەھەردە تۇرۇپ ئۈچ ھەپتە
ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم قىزىل ئامۇت.
بۇيۇك مەنە قالغاچ بىر چەتتە
قالدىم تاشلىنىپ ئىچىمدە قۇرت.

ئالەم بېغىنىڭ مېۋىسى بىز
ئادەم غەپلەتتە بىلمەس تەمىنى.
مەنىسى، تۇز تەمى، ئىگىسى سىز،
شۇنداق چۈشەندىم ئاخىر ھەممىنى.

2013 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

# دېڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرى

دېڭىز ماڭا تېلېفون ئۇردى:
13579989913
قەغەزدە كۆك سۇكۇتۇم قۇرىدى،
كۆز ياشلار قۇلۇلە قېپى كۆرگەن چۈش.

ساھىلدا
ئىنسان بىلەن ئاسمان بىر تىلدا،
ھەر نەرسە سۆز، ھەممە نەرسە سۆز
ئالىقانچىمۇ بۇلۇت يوق دىلدا.
شامال قىرغاقتا تاشلىماقتا كۆز
قۇم ۋارىقىدا يېشىل ئىمزا.

سىز يەلپۈگۈچمۇ پالما دەرىخى
قىز — تاش ئالما، قۇرت يۈرىكىم.
مەن — بىر تۇپ بانان، مېۋەم توڭ تېخى
يوپۇرماقلىرىم نەگە چۈشتىكىن؟
مەنىنىڭ قارشىسىدا
ھۆل پىشقان ئايال
خىيالىمنى قەھۋە رەڭ قورشاۋاتاتتى.
چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى ئاق ئارال
ئاستا ـ ئاستا نەم قۇمغا پاتتى.

دېڭىزغا تېلېفون قىلماقچى بولدۇم
ئېلىنىپتۇ قاشا ئىچىگە.

دولقۇنلار سىمىسىز، گىژىلدايدۇ قۇم
ئىلھام جاۋاب بەردى كېچىگە.

سۈكۈتنى جاۋاب ئۇيغۇر تىلىدا
يوق نەرسە بار، مەۋجۇت نەرسە يوق.
بىر ئادەم توختىدى نۇر يىلىدا
يۇلتۇزلار تەييار ئۇزگىلى ئوق.

ئۆلۈم ئارتۇق بولسا كىم ھەل قىلسۇن
ھايات بىر تارتۇق، قوبۇل قىل ئۇنى.
ئىلھامىم تۆت چاسا قەغەزگە تۇتقۇن،
ئۇزۇلدى مىسىرالارنىڭ تېلېفونى.

2012 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

# تېلېفوندىكى داداڭ

كەچ كىردى بالام
ساڭا ئاتاپ بىر شېئىر يازسام
ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى چىققان ئاي،
تېشىدا كۆپ چېكىت قويۇلغان ئاسمان.

بىر ئاي بولدى
دېڭىز بويىدا،
مەن ھەر قېتىم ساڭا سۆزلىسەم
ئەڭ يىراق ئۈنۈمى كۆك رەڭگە تولدى.
ئوغلۇم ئىلياس قارا كۆز دېسەم
دولقۇنلار قارىغا ئۆزگىرىپ بولدى.

تېلېفوندىكى داداڭ —
يېشىل مەھبۇس ئوت - چۆپتەك گويا
قۇشلار ئارىلىدا ياشاۋاتقان.
يۇلتۇزلار داداڭغا بەتلەنگەن ئوقيا
تىلىڭ ياردار كىمدۇ تاش ئاتقان؟

چۈش كۆرمەكتە سۇ تاپانچاڭ.

جاندىكى ئادەم سىقىلىدۇ،
تامدىكى ئادەم كۆز يۇمغان ماڭا.
ھايات ئويۇنچۇقتەك چېقىلىدۇ
ئويۇنچۇق دېگۈچى كۆز يۇمغان ساڭا.

يۇلتۇزلار بىزگە بېقىنىدۇ،
ئۇلار ئەگەشكۈچى ئاسمان قەھرىدە.
كىرپىكى بىزگە قاراپ قېقىلىدۇ،
بىز ئۆچسەك ئۇلارمۇ زۇلمەت شەھىرىدە.
ئىزلىسەك زېمىندىن تېپىلىدۇ،
ئېچىلغان بىز ئۇچۇن ئاسمان ــ خەرىتە.

قورقۇپ قېچىپ چىقتىم،
تېلېفوندىن
بىرى سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتاتتى.
سۆزىدىن ئاسمانغا كىرسەم ھەر قېتىم
ئۇنى پىلانېتالار داڭلاۋاتاتتى.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

# جەرەن قايتتى

تاڭ ئاتتى،
قاراڭغۇ سۇدا.
ئاتتى كۆك تاڭ،
ساڭگىلاپ تۇرغان
كوكۇس مېۋىسىدە
كۆكۈشتىن يوغان.

دېڭىز قولتۇقى
نەم،
ئىسسىق لەش سۇ ئۇنىڭ تۈكى
ھاياجانلىنىپ پۈرىدىم بىردەم.

لىغىر - لىغىر لايدا
قوغلىدۇق دېڭىز قالغاندا پەسلەپ،
توختىدۇق ئاق كۆپۈكنى دەسسەپ.
قايتتۇق ئەسنەپ گۈگۈم چۈشكەندە،
دولقۇنلار پۈتمىزنى قالدى ئەسلەپ.

بەردى دېڭىزنى، بەردى زەڭگەر رەڭ،
بەردى بېلىقتەك بالىلارنى ھەم.
بەردى مۇتقا سۇ، ھاۋا، ئاپتاپ
ئويلىدۇق كەمدىن - كەم كەلمىگەندە غەم.

يېزىنىڭ ئىسمىغا يول بەلگىسىدىن
ناتونۇش يېزىقتا قايتتى جەرەن،
قايتارمىز ساڭا بەلگىلەر بىلەن.

2014 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

# قوزۇلغان قوينى چۈشىدىم

كېچە ــ مېنىڭ ئەرلىك ھىدىم
تارقىلىۋاتقان سىياھ رەڭدە
ئاق قەغەزدە.
پۈراپ رەسىمدە سۆزلەرنى
قۇتراپ قەلىمىم بېلىقتەك سىلىق؛
كۆرۈپ كۆكتىكى بىدار كۆزلەرنى
ئۇچراپ ئايدىن چوڭ ئۇيقۇسىزلىق.

ئاسمان سەن تۇتقان لوپا ئەينەك
ئۇنىڭ ئاستىدا مەن بىر قىل چاغلىق.
بىردىنلا قوتاندىن كەتتى قوي مەرەپ
قوزىلاۋېتىپتۇ بوغاز ساغلىق.

چۈش كۆرۈپتىمەن
مۈگدەپ بىردەم،
بالىلىق، قىرانلىق ۋە قېرىلىق
سەن ماڭا بەرگەن بىرنەرسە ئىكەن.

دېرىزەمگە سەن تاشلىغان سۆز
ئاستا يورۇتماقتا ئۆي ئىچىنى.
بىر بالا بۇلۇڭدا كۆرەر ئۇن ـ تىنسىز
قوي قوزىلىغان ئىسسىق كېچىنى.

2014 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# ئىسسىق بەلباغ كىشلىرى

ھويلىدىكى گۈللەرنىڭ سىرى
ئېچىلىدۇ
ئاق، قىزىل، ھاۋا رەڭدە.
پۈرىقى قىزلاردىن چېچىلىدۇ،
يامغۇر يورۇقى ئۆچۈپ بىردەمدە
قۇياش تار كوچىغا يېتىپ كەلگەندە.

ئۇرۇقى قىزغۇچ باققال ئايالنىڭ،
جېنى بار كۆكقات ـــ كۆكتات ساتقۇچى.
رەڭگىدە ئەسكەرلەر يات ئارالنىڭ
كۆكسۈمدە ياپراقلارنىڭ نەيزە ئۇچى.

مەن ساياھەتچى ئېقىن سۇدەك
ئارقا كوچىدا ئېتىمىز ئىشىكى.
يېنىمدا توختىدى ئۈچ چاقلىق سوپەك
مەنزىلىم شېئىرنىڭ ئىچىدىكى.

كۆز يەتمىدى ماڭدىم سۆز بىلەن
كۆرسەتكەن تەرەپكە پالما دەرىخى.
كۆكنى يورۇتقان پىنھان يۇز ئىكەن،
نۇرنى توسقانلار زۇلمەتتە تېخى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
قېرىندىشىم قۇم،

ساھىلدىكى قىستا ـ قىستاڭدا
تىڭشىدىڭ تەنھا ئالەمنى چوقۇم.
ئىچىڭ يورۇپ كەتتى سۈكۈتتىن
دېدىڭ: مەندەك كۆزۈڭنى چىڭ يۇم.

سەدەپ قۇلۇلىسى،
تېشى ــ شېھىتنىڭ دۇبۇلغىسى.
بېشى كۆرۈنمەس، گەۋدىسى پۈتۈن.
قۇلۇلە قېپىڭنىڭ ئىچى ھۆل ئاسمان
زىننەتلىمەكتە قۇمنى بىز ئۈچۈن.

2014 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

# ئاناناس ــــ ئەتىگەنلىك مېۋە

روجەكتىن سەھەرنى بەردى ئوغلۇمغا،
ــــ دادا ناشتىلىققا ئالما يېمە.
كىچىك قوللىرى سۆزلەر قولۇمغا،
ئاناناس ــــ ئەتىگەنلىك مېۋە.

ئاناناس يەپ چىشىم قامىدى،
ئاپتاپتىن باشقا ھېچكىم قالمىدى
پېشايۋاندا.

ھېچكىم بىلەن روبىرو قالغاندا
توختىماستىن زىكىر قىلىمەن.
يوق مېۋىنى قولغا ئالغاندا
بار مېۋىگە شۈكۈر قىلىمەن.

2014 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

# دۇكان ئىجارە ئېلىش توختامى

شامالنىڭ سانى
سانىماي ئاتقان بىرنەچچە پاي ئوق.
يوپۇرماق بىلەن قىزىلگۈل نامى
يوق، يوق، يوق.
ئەتىيازغا يېقىن قەغەزدە
مەن دۇكانغا توختام تۈزگەندە.

تىلىمغا چېكىت قويۇپ
ئارىچى چىۋىندەك كەلدى،
قارىسى قارىماققا قىلدىن تۈز رەڭدە
زىيىنىمغا توختام تۈزگەندە.

يوقنى تاپالمايمىز،
بار ھالەتتە
ئوخشاتماي قالمايمىز
ھەر نەرسىگە ئۇنى ئادەتتە،

تەڭرى بىلەن توختام تۈزۈلدى،
جان سېلىنىپ سۆڭەك قۇتىغا
ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويۇپ
قۇشتەك باغلاپ قويغان پۇتىغا.

بىر ئادەم يىپتەك ئۆتكۈزۈلدى
ئۈچ يىللىق ئىنچىكە ھاياتىغا.

كىتاب ساتىدۇ دەپ يېزىلدى
توختامنىڭ تەپسىلاتىغا.

كىتابتىكى كىشىلەر نېمە قىلىدۇ
قارايدۇ ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىغا.
ئاپتور بىر كۈنى ھەممىنى تاشلاپ
قايتار ئۆزىنىڭ ئەسلىي زاتىغا.

2014 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

# ساھىلدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى

يامغۇر چىقتى،
بېتوندىن ياسالغان قەبرە تېشىغا
قىزىل چېچەكلەرنى تاقاپ بېشىغا
نامەلۇم ئۆسمۈرلۈك،
پەستە يىلتىزى.

ئۆلمەستە ئاسمانغا ماڭغانلار بار،
سەل پەستە
مەنزىلگە يەتمىگەن دېڭىزنىڭ ئىزى.

سېمونت يوقاتقان رىتىمنى ئىزدەر.
ئۈشتۈمتۇت،
ئالەم يازغان بىر شېئىردا
توق قاپىيەنى تاپقان كىشىلەر...

2014 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

# كاشتان چاشقىنى

قاچقىنى قاچتى
شامالنىڭ،
دەرەخنىڭ،
يوپۇرماقنىڭ،
كۈندۈزدىن.

زاۋال چۈشكەندە كۆردۈم چاشقاننى
يېرىم ئاي ئوغرىلانغان شاخنىڭ ئاستىدا
چىشلەپ تۇراتتى بىر تال كاشتاننى.

چاشقاننىڭ كاشتىنى يىتىپ كەتتى.
كۆرمەپتۇ شېئىرىم ئېغىز ئاچقاننى،
ئىزدەڭلار قارامتۇل ئوت - چۆپ بار بەتنى.

سۆزدىن چىقىپ
ئارقامغا بۇرۇلسام،
ئاي بار تام.

تامنىڭ ئۈستىدە، ئاينىڭ ئۈستىدە
بىلگۈچى بىلەر قەيەردە كاشتان.

2014 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

# تىل سەپىرىمدە يېرىم كۈن توختاپ

قارا كۆز گىرە ـ گىرە
كۆك كۆز بىرە ـ بىرە.
كۆك كۆزنىڭ ئالدىدا
قارا كۆز تېزەك تېرە.

تىل شەرقىدە
كۆتۈرۈپ قورساق
شائىر سۆيگەن تۇرپان خەلقى
تۇغۇپ بەرگەندە گۈزەل بىر قوشاق،
ئىگىسىز جۈملىدىكى پېئىلدەك توختاپ
چۆكتۈم يېرىم كۈن مەنە تەكتىگە.

ئەتىياز مېڭىشقا باشلىغان بوۋاق،
تال تېرەكلەر قۇرۇپتۇ توساق
سۇنىڭ يارغولدىكى پايتەختىگە.

ئۆتتۈم ئۆتمۈشنىڭ ئىسسىق كەينىگە
ۋاقىت يۇمىلاق
ياز ئۈستى تۈز.
خارابە ئۆيلەر كۆز يەتكۈسىز،
ماڭغانسېرى چوڭ يول تارلاشقان.
ئىككى ياقتا قاچقان ـ بۆككەن يۈز
تۇتقان قول ئاق توپا، كىسلاتالاشقان.
بۇتخانا ئىگىز،

ئادەمسىز كۈندۈز.
قېنى كىشىلەر ھەددىدىن ئاشقان؟

مەنىنى دىلىمدىن تىلىمغا يەتكۈز،
— ئۇلار خاتالاشقان، خارابلاشقان...

بىر قوشاق قەغەزدە كۆتۈردى قورساق،
كىسەك شەھەر — قەدىمكى داستان.
چالا مىسرالار — قالغان پۇچۇق تام،
كۆرۈندى پۇچۇقتىن يېڭى، كۆك ئاسمان.

2014 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى.

# بەش كىلودىن ئېغىر بەش كىلو

تۇگىدى كىنو،
ئۇلار بىزنى گازىردەك چېقىپ
تۇگىتەلمەستە.
باشتا ئونىنچى قەۋەتكە چىقىپ
ئاندىن كۆچۈشكە باشلىدۇق پەسكە.

ساياھەتچى ۋە ئۆي ئىگىسى
نېمىگىدۇر تاكاللىشىپ
بۇزىلىۋەرگەندە توك شوتىسى
چۈشتى سايەم يۈك - تاقنى بېسىپ.
مېنىڭ قاپىيەم ئۇلار ئىككىسى
بىر شېئىردا قالغان بىرلىشىپ.

ئاق ئاتلار كېلەتتى سۇ ئىچكىلى
ئېگىز قەۋەتتە،
كۆچۈپ بولىمەن پەسكە ھېلى
سەرەمجانلارنى قويدۇم بىر چەتكە.
يېڭى قوشنام دەرەخ شاخلىرى
كەلدى داۋا بولغىلى دەردكە.

كىرئالغۇ —
بەش كىلودىن ئېغىر بەش كىلو
بىر ئادەم كۆتۈرۈش توختايدۇ تەسكە.

پەلەمپەيلەر بىر تۇتاش دېلو
قەدەم تىۋىشى كەتتى كەلمەسكە.

كۆچۈشكە باشلىغاندا ئەھلى كىتاب
بىر ۋاراق قەدىمكى زېمىندا بىز.
بىر - بىرىمىزنى ئاسمانغا قىستاپ،
ئاسمان يىرتىلسا قالماس يەردە ئىز.

2014 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

# ئەتىيازدا قەغەزدە ئۈنگەن كۆك

تېرەم تارتىشىپ
ئۇزۇمتال بىلەن سايىسىدەك،
تاپىنىم ئاستىدىن ئېغىز ئېچىپ
ۋارقىرىماقتا، «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ
ئۆيگە مۆكۈۋالدىم تېۋىپتىن قېچىپ.

دادامغا ئوخشايدىغان شولا
تامغا چۈشتى،
يۈزى يورۇق ئۆلۈكنىڭ، توۋا.

ئايغا ئۇۋا ئۆگزەمنىڭ ئۈستى.

دېموكراتىيە مەيدانىدا
ئۇچماقتا گېزىتتىن ياسىغان لەگلەك.
بىر بوۋاي نەۋرىسىنى يېتىلەپ
ئايلىنىپ يۈرەتتى ھاۋا يەپ،
مەجنۇنتاللار
باھارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقاندەك.

يوپۇرماق چىقارغان بىر تۈپ قارىياغاچ
يۈگۈرۈپ يېنىمغا كەلدى،
ئاندىن كەتتى سوغۇق قارىغاچ
مەن ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن.

ئەخلەتنى مۇشۇنداق يېگىلى تۇرسا،
قولۇم يېشىل يېمەكلىك بولسا،
مېنىڭ ئورنۇمدا كېكەچ شامال
يازمىغان بولاتتى شېئىرنى توپىغا.

شەھەر سىرتىدا قەدىمكى قۇدۇق
قالار ئۇنتۇلۇپ
يات تىلدەك دائىم.

بىر تاش شېئىرغا چۇشۇپ كەتتى،
ئەكس ساداسى مېنىڭ ئاۋازىم.

ئادەم ــ ئالەمنىڭ ئەكس ساداسى،
تەنھالىقتا قايتار قۇياشتەك
ئۆز جايىغا ئۆزىگە قارشى.

2014 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

# ئاسما مايكام

ماشىنا ھاۋا رەڭ بۇرۇلغاندا
ۋادەككە چېچەكلەر ياماشقان ھويلا ـــ
مەن كۆرگەن دېڭىزنىڭ ئارقا ھويلىسى.

سايەم كىيگەن قارا چىپەرقۇت،
ساتمىلار ساھىلدا چىغ قالپاقسىمان.
مىننەتدار مۇخلىس مەن، قەدەملىرىم قۇت
ئاق بۇلۇت يىراقتىن سۇنۇلغان ئىنئام.

ھاي، يالىڭاچ ئاسما مايكام
يالىڭاچ ئادەمگە كىرەك دالدا،
مېنى سۇغا تارتما قىلىپ بىئارام
بەدىنىمگە چاپلاشقان ھالدا.

ـــ مېنىڭ ھاياتىم سۇ يا تاشقاتما،
ئۆلۈمۈم ئوق ئۆتمەس كىيىم،
ئۆزۈڭنى بىكاردىن ـ بىكار ئۇپراتما
مەن قاتتىق مۇخلىس، سېنىڭ ئىگەڭ كىم؟
سۆزلەۋاتاتتى قېرى تاشپاقا.

مايكىچان قېچىپ چىقتىم،
يالىڭاچ سۆزلىگەندە ئىچىمدە بىرى
تۇزلۇق كۆز ياشتىن ئىچىپ چىقتىم.

لەيلەپ يۈرەر
يەلكەن دېگەن سۆز
كۆپكۆك ئۇيغۇر تىلىدا
چۆكتۈم بىردىنلا بولغىلى غەمسىز

2014 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

# بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا

## 1

ئەگىم ئاي كوچىسىنىڭ ئايىغىدا
نۇر چېچىپ تۇرغان مېھمانساراي —
بىر ئۇچى دېڭىزدا پەلەمپەيلىك ئاي.

كۆزەتكۈچى ئۇيغۇر تىلىدا
يان تەرەپتىن تاشلىدى نىگاھ.

بىر كۆز ئىشىكتە، شېئىر تۆشۈكتە
ئىشىك تۇتقۇچى —
يۇلتۇزلارنىڭ پەستىكى ئۇچى،
شەھەر كۆكتىن كۆزىتىلگەندە.

## 2

كەلدى بىر سەيياھ تىلى سوغۇق
مۇلازىم سومكىنى مۇلايىم ئالدى.
پالما قول سوزۇپ قالدى قۇرۇق،
رەھمەت دېگەن مېۋىسىمۇ يوق.

## 3

قەھۋە ئىچىۋاتقان قاسراقسىز چوكان،
ئۆچ بولدۇم بىلىق پۇرىقىغا،
قۇيرۇقلۇق ئەر مەن يۇمغان كۆزىنى.

قاراڭلارچۇ قارمىقىغا
بىر بىلىقچى تۇتقان ئۆزىنى.

دېكلاماتسىيە قىلماقتا فونتان
رەڭدار بىلىقلارنىڭ سۆزىنى.

## 4

كارىدور چىرىغى شاخسىمان،
قەدەم تىۋىشلىرى مېۋىسىمان،
مېھمانلار ماڭماقتا يىلتىزى پىنھان.

جىمجىتلىق گۇلسىمان،
مەن توختىغان كۆل بويى ئورمان.

بىر خىل دەرەخ يەلپۈگۈچلۈك
ئۆتكەنلەرنى يەلپۈپ تۇرغان.
سېمىز بىر دەرەخ ئاچىمىقى تۈكلۈك،
بىر دەرەخ كۈن بويى نەيزە تۇتقان.
بىر دەرەخ زىكرى ئېيتماقتا ئۈنلۈك

بىرى قورۇپتۇ چۈنكى ئۇنتۇغان.
مېنىڭ بېشىمدا قۇش چاڭگىسى
بىز ئورماندا بىر دەرەخ تۇغقان.

## 5

بەش يۇلتۇز بىر ئۆيدە،
گىلەمدە
بەشى بىر - بىرلەپ يورۇغان.
ئۇستەلدە
ئاسمان كىتابى ئېچىلىپ تۇرغان.
بىز كىرگەندە
ئىگىسى بولغان، رەتلىنىپ تۇرغان
بىز ئۇنى مېھمانخانا دەپ تونۇغان.

چىقىش ئىشىكى شېئىردا ئەمەس
ماڭساڭ قاپىيەگە ئەگىشىپ ماڭ.

2014 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

# بېيجىڭ رەسەتخانىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ

كەلدى يېتىپ
مېنىڭ يۇلتۇزۇم
ئاسماننى كۆرسەتكەن قول ئۇچىغا.
دەرەخلەر قىزغۇچ چېچەك ئېچىپ
ئادەم پاتماي قاپتۇ كوچىغا.

ئاسمان تۇرىدۇ ئېشىپ ـ تېشىپ،
ئوخشار ئاسمان جىسىملىرى
مەڭگۈ ئازمايدىغان يولۇچىغا.
ئۆتۈپ كەتتىم
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
قىزىل يۇلتۇزدەك چىراغنى كېسىپ

2014 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

# ھۆجرامنىڭ بىر كەچتىكى تەسۋىرى

كىمنىڭ سىرى كارىۋاتتىكى مەن؟
دۇم قويۇلغان ئىسكىرىپكىدەك.
شاخسىمان لامپىدىن چۈشتى ئاق مېۋەم
بىر كىتاب شىرەگە قونغان كېپىنەك.

ئېگىز پەردە
گارمون يوپكىلىق،
سۆرىلىپ تۇرار ئۇچى يەردە،
كىندىكى، تىزى، تاپىنى نەدە؟
كېچە چىقماقتا ئىچ - ئىچىدىن.

مېنى تەسۋىرلىسەڭ
ئاسمان ئاستىدا قارىلانغان مەن.
كېچىنى دېسەڭ دۇنيا ئاق داكا،
سىزغان رەسسام بەردى پەقەت رەڭ.

2014 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

# كىتابخانام

مەن قويغان ئىسمى «نۇر ۋە قەلەم»
ئىسمى تالادا، ئۆزى ئىچىدە.
ھاياتلىق شۇنداق ئويلىسا ئادەم،
ئىسمى بارنىڭ ئۆزىمۇ بار ھەم،
يوق ئىدى، يوقتىن بار بولدى ئالەم.

بىر خېرىدار كىتابخانامدا
ھەممە كىتابنى ۋاراقلاپ چىقتى
«قۇتادغۇبىلىك»تىكى، كۇنتۇغدى خاقان؛
تەختتە مۆگدەپ قالغاندا،
سۇردۇم كۇرسىنى
دائىملىق خېرىدارىم ــ جىمجىتلىق تامان.

ژۇرنالنىڭ چىرايلىق، رەڭلىك تېشىدىن
بىر ئايال چۈشتى يالاڭئاياغ،
قارىسام پولنىڭ غىچىرلىشىدىن
تاپىنى قاردەك ئاق
قاچقىنى مەندەك يات ئەر كىشىدىن.

دۇكان قوشنام كاۋاپچى ئۇستام،
قىستا ـ قىستاڭ كاۋاپخانىسى.
يۆلەپ قويغۇدەك يوق بىكار تام
بوسۇغام يېنىدا ئۇنىڭ خالتىسى ــ

بىر خالتا كۆمۈر مەن ئاڭلايدىغان
تاشقا ئايلانغان ئوت مۇزىكىسى...

ئۇنىڭ يېنىدىكى ساتىراشخانا،
غۇدۇراپ چىقتى ئالدىراش كىشى
پۇت قويغۇدەك ئورۇن يوق مانا.
ئاڭلىنار پەرىشتىنىڭ قەدەم تىۋىشى،
ئاسمانغا ئېچىلغان كىتابخانا.

خېنىملار ئۆزىنى ياسىماقتا
غوجام نەدە؟ غوجا قالمىغان.
بايۋەتچە روھى ئاچ ياشىماقتا،
ئۆزى لوق گۆش، ئولجا قالمىغان.
سايىمىز قەدەم تاشلىماقتا
بىز ۋە تېرەككە كوچا قالمىغان.

قولىدا مىلتىق ساۋاتسىزلىق
يولدا لاغايلاپ كېتىۋاتقان
قېنى بار سايىنى ئېتىۋەتتى.
كۆپكۆندۈزدە تالىشاتتى جان،
تىرىكنى ئۆلۈكلەرگە قېتىۋەتتى.

بىر كىتاب قاراڭغۇغا قېچىپ كەتتى،
ئۇنىڭ قولىدا يورۇق تەقدىرىم.
بىر ئالىم ئالمىدەك يىتىپ كەتتى،
بازاردىن ئۆزىنى ئىزدەيدۇ ئىلىم.

ئاۋات رەستە ئىشىكىم ئالدى
مىڭ بىر كېچىدىكى شەھەردىن قايتتىم.

دېڭىز دولقۇنى پەسىيىپ قالدى.
قېرى بېلىقچىدەك ئولتۇراتتىم،
كىتابىم ــــ يەمچۈك
كۆتىئۈپرىشتىن مەززە قىلاتتىم.
بوغداي ئۆڭ بىر بېلىق تۇتۇلدى خەپشۇك!
شېئىردىن ئىمجان ئۆزۈمنى تاپتىم...

2014 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

# خان بالىق

يامغۇر دەك يۇزۇمنى ياقتىم ئەينەككە
ئىتتىك مېترودا يورۇق بىر قول.
ئادەملەر قولسىزدەك توپ ـ توپ ۋە يەككە
كۆزدىن يۇرەككە غىل ـ پاللا تار يول.

ئۇچتى گېزىتتىن سۇمۇرغ ئاۋازى،
ئۆچتى بىر ئادەم كۆز نۇرىدا.
مەن تۆت چاسا تاشتىن رازى
قارشى ئالدى يول بويىدا.

باشلىدى ئالدىمغا ئەتىيازنى
ئىككى تال سېرىق گۈل ئېچىلغان يوپكا.

ئۇشتۇمتۇتلا
مەن تاش سېپىل ئۈستىدە
سەن ۋاقىتنىڭ چىقىش ئىشىكىدە
ۋەتەن بىر يېرىنى تېڭىۋالغان.

شىپاڭ ئاستىدا بىرنەچچە بوۋاي
جۇڭگوچە شاھمات ئوينار،
قاراپ تۇرغۇچى يېڭىۋالغان.

زېمىندا خەلىپىلەرنى بەلگىلەپ،
تۇۋرۇكسىز ئاسماننى

قويغاندا بىزدىن بەلگە دەپ،
گۈگۈلۈك سارىيىدا كۆردۈم تاش تامنى،
تۇۋرۇكلىرى ئېگىز، بەھەيۋەت.

كۆردۈم ئاپپىلسىن يەۋاتقان ئەرنى،
غېرىبلىقىم ئاپپىلسىن تەمدە.
ۋاقىت غۇيۇلداپ كېتىۋەردى،
مەن تاكسىدىن چۈشكەندە.

ئۈستۈمدە
خان بالىقىنىڭ خەرىتىسى،
ئۇنى ئاسمانغا سىزغان ئىنىژېنېر –
كىشىلەر مەيدانىغا قوپۇرغاندا شىر
شىرنىڭ ئاغزىغا
قويۇپ قويدى ئاچقۇچىسمان سىر،
شەھەرنى ئاچسۇن دەپ مېڭە قېپىدەك.

2013 - يىل 4 - ئاينىڭ 1- كۈنى.

# دەريا بويىدىكى شەھەر

قالمىغاندا پۈت قويغۇدەك يەر
ئاخىرلاشتى،
تاشنىڭ كۈندۈزى، گۈل يۈزى، شەھەر.
سايىلەر بېلىقتەك دەرياغا قاچتى.

قۇيرۇقى تەتۈر بىر بىرنەچچە ئەر
شۇڭغۇپ چىقىپ يات كوچىلاردىن
پاراخوتتا باشلىدۇق سەپەر.

پانۇسلار ئېسىلغان كېمىدىن گاھى
كۆرۈنۈپ قالاتتى غىل - پال
كېچىنىڭ سوغۇق چىرايى.

ئەما شەھەر قارىماقتا،
كۆز قارىچۇقى يوپيورۇق ئەما.
شەھەرنىڭ قۇتۇبى بولمىش بىر كىشى
چىۋىنلەر ئارا، تاز بېشى يارا،
ئۇنىڭغا باغلىنىپ تۇرار كەلگۈسى.

سۇ قورققان
قارا قويۇق ھەزىم قىلىشتىن،
ئۆلۈك بېلىقلارنى دەپنە قىلىشتىن.
بەت رەڭ دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ
ۋارقىرار — بىزنى نېمە قىلىشتىڭ؟

ئېشىپ كەتتىم
كۆلەڭگەمدىن،
تېشىپ كەتتىم قىيان بولۇپ.

سىمىز ئايالدەك ئەگمە كۆۋرۈك،
ئەگمىسىدە مەن،
ئۈستى قۇپقۇرۇق
ئاستى چوڭقۇر نەم...

سۇ — ھاياتنىڭ تېگىگە يەتسەڭ،
بۇ قىرغاقتىن ئۆتۈپ كەتكەنلەر
ئۇ قىرغاقتا ئۇچرايدۇ جەزمەن...

2013 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

# كېيىك ئاغزى يېزىسى

غۇيۇلداپ ماڭغان پىكاپ
كۇندۇزدىن ئاستا، ياپراقلاردىن تېز،
تار يوللار بىزنى ئەكەلدى قىستاپ.

خەتەرلىك ئايلانمىدا
تىلىمىز چىناردەك چىقاردى قانات،
يول بەلگىسى يوق بوشلۇققا قاراپ.

يېزىغا كىردۇق يېشىللىق ئارا،
ئادەم ئىزى يوق، بەك خىلۋەت، بەلەن.
گۇگۇمدىن چىقتۇق بارا ـ بارا
قاراڭغۇلۇق قورشاپ بولغاندا،
ئورمان تولغاندا
كېيىكنىڭ تۇم قارا كۆزلىرى بىلەن.

تاپتىم،
ساماۋى كىتابتىن
يول بەلگىسىنى ئىزدەپ ئاخىر.
ئاسمان داۋاملاشقان كۆز ئالدىمىزدا
ئىچىمىزدە يورۇپ ئاخىر.

2013 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# رەسسام

دېرىزىدىن يەنە قارىدىم،
ئەتىياز مۇنداق ئاخىرلاشمايدۇ.

يېشىل بوياقتا يېپىلدى رامدىن
شەھەرنىڭ ئاخىرقى ھاياجىنى.

مېنى سىزدى، ئاندىن ماڭغۇزدى
جاندىن تونۇدۇم ئىمزاسىنى.

2013 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

# توغاچ

ۋاقىت بىر نۇقتىغا يىغىلغان بولغاچ
رەڭگىم ئۆلۈپ بىرئازدىن كېيىن
تىرىلدىم تەخسىدە،
توغاچ رەڭگىدە،
مەۋجۇتلۇقنىڭ تەنها ئەكسىدە.

قولۇمنى تەخسىگە ئۇزاتقاندا،
ھەسەت تولغان چىرايلار تامدا.
زامان ئۇزارغاندا باش نۇقتىدىن
ئىنسان باشقا شەكىل، باشقا نامدا.

بىر توغاچ
دومىلاپ ئاچ قىزىل رەڭدە،
شىرەنىڭ قىرىغا كەلگەندە،
ھەممە سەزگۈم سىيېنىڭدىن كەلگەن
بارلىقىمغا ئىسپات يوق مەندە.

سەن بار بولغاچ
مەن ۋە توغاچ.

2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

# ئۈچ ھالقا

ئالغا!
تۈنجۇقۇپ ئۆلۈشنى خالىمىغانلار،
چىقىپ ئاستىدىن قارا ئاسماننىڭ
چەمبەر مەركىزىدىن كېتەيلى يىراق.

ئىككىنچى ھالقىسى — گۈلى تامنىڭ،
يېشىل يوپۇرماقلىق، قىزىلگۈل چىراغ.

ئۈچىنچى چەمبەردىن باشلاپ
ئىشىكسىز ئېتىز،
كۆك ئاسمان ئىگىسىز،
كىم دەر قۇياش ئىگىسىز چەمبەر؟

ئالەم بوشلۇقىدا
قىيسايغان ھالدا،
بىر ھېكمەت ئىنسانغا بولماقتا دالدا.

بىز كېتىۋاتقان بىز يوق تەرەپتە
ئاسمان بىپايان سۈزۈك ئەينەك،
يارنىڭ يۈزى ئەكس ئەتمەكتە...

2013 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

# گۇاڭجۇغا يېقىن بىر بېكەتتە

يامغۇر روجەككە يازغان خەتتە
كۆرۈنمەكتە،
يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ هۆل چىرايى.

يوقتەك ئۆزىمىز،
چاقنار كۆزىمىز.
ئويلايسەن پويىزغا چىققاننىڭ گاهى
قولىدا سويۇلغان بانان ئەرۋاهى.

گۇگۇمدا بىر تال تاماكا چوغى
سىزماقتا ناتونۇش شەهەرنىڭ
ئوت كەتكەن رەسىمىنى يامغۇر ئىچىگە.
قىزلار قېچىپ كىرگەن قىزىلگۈلگە،
ئوغۇللار مۆكۈنگەن تىېرىسىگە.

بىر ئاپپىلسىن قۇتقۇزدى مېنى
قىرتاق تەمدە،
مەن ئۆلگۈدەك ئۇسساپ كەتكەندە.

ۋاقىت ئۈچ قىرلىق سىرلىق پىرىزما،
نۇرانە بىر يۈز مەن ئاچقان بەتتە.
دۇنيانى كۆردۈڭ، قىياس قىلما
تاشنى كۆردۈم سۈيۈق هالەتتە...

2013 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

## سودىگەرنىڭ سەپىرى

يوق مەندە تەم
مېنىڭ تۈزۈم غەم،
بىلمەيمەن نېمە كەم ھاياتىمدا
بەزىدە مەن ئارتۇق، بەزىدە سايەم.

باشلاندى ھېكايەم
ئەي بۈيۈك يازغۇچى!
شېرىن لەھزىدە جەننەتتىكى مەن
بولدۇم باش قەھرىمان ياكى ئازغۇچى.

كەلدىم بۈگۈن دېڭىز بويىغا
قولۇمدا سومكا، پۇلۇمدا بەرىكەت.
بۇژغۇنلار تولغان شائىر ئويىغا،
ھايات ـــ دېڭىز، قىل دەيدۇ ھەرىكەت.

بىر نان بىلەن تويالتتى قورساق،
بىراق مەن بەش ۋاق قەرزدار روھقا،
توختا ئەي ئادەم، ياشىما تومتاق.

شەيتان تۇخۇملىغان بازاردا
پايدا قوغلاپ ئىزدەيمەن زاۋۇت.
بەش ئەزايىم ساق ياسالغان جايدا
مېنىڭ مېلىمنى يۈكلەيدۇ تاۋۇت.

هەر زەررىگىچە
ئالەم پۈتكەن،
دۇنيا ياساقلىق، دەسمايەم چاغلىق
زىيانمۇ - پايدا مەن پالاقلاپ كۈتكەن؟

كەزمەكتە سودىگەر شەھەرمۇشەھەر
ئىت تالىغان، يامغۇر يالىغان.
ئىسمىم غوجايىن ئاختۇرساڭ ئەگەر
يانچۇقتا بىر پۇللۇق ئۆزۈم قالمىغان.

2013 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

# قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى دەرۋازىسى ئالدىدا

خان دالدىدا،
بازغان تۇتقان ئاقسۆڭەك
قىزىق يازنى سۇغا تىقتى.
ئادەملەر تۆمۈردەك بىر - بىرلەپ
سەندەلدىن تاۋلىنىپ چىقتى.

تېرەك ئېزىنۋاتقان يولنى كۆردۈم،
يول كۆرسىتەلمەس كىشى كىشىگە.
كېسەك تىزىنۋاتقان قولنى كۆردۈم،
مەدرىسەنىڭ مىڭ يىللىق ئىسمى ئۈستىگە.

ئۆيلەر قېچىپ كېتەر ئىشىكتىن ئۇچۇق،
بىر سېۋەت ئامۇت كوچىغا يېتەر.
جەڭدىن قايتقان غالىب جەڭچىدەك
باققال سېتىپ بولۇپ نەگە كېتەر؟

بىر بالا پىنهان ئوقۇپ تۈگەتتى
ئاسماندىن چۈشكەن كىتابىنى.
ياز پاتقاق يەردىن ئۆتۈپ كەتتى
ھەيدەپ قۇيۇندەك پىكاپىنى.

قاپتۇ
تالىپلارنىڭ ھۇجرىسى

بىر غۇلاچ يەردە جىممىدە زەيلەپ.
بابىل مۇنارى يەنە يول ئاپتۇ
يىقىلغان ئاسماننى تۇرغىلى تىرەپ.

قۇياش — ئالتۇن تاجلىق يولۇچى،
بىنا ئۆرۈلەر، ئاسمان ئۆرۈلمەس.
كۆرسەتكەن تەرەپتە تىرەكلەر ئۇچى
ماختىنار ئاسماننى بىنا قىلغۇچى.

2013 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

# پىكوس دەرىخى

شەرقىي يېرىم شاردىكى بىرى
چاقىردى شېئىرنىڭ غەربىگە كېلىپ:
ــ ئەي، ئۆي ئىگىسى قەيەردە ئىشىڭ؟

بىر قەدەم نېرىدا قاراپ تۇرۇپتۇ،
تونۇماپتۇق بىز ئۇنى تېخى.
بىز يىلتىز تارتمىغان شەھەردىكى
دەرەختە تۇغۇلغان ئاق سېرىق قىز
پىكوس دەرىخىنىڭ ئىكەن بىر بىخى.

مەسچىت ئالدىغا كەلگەندە بىز
تونۇپ قول سۇندى پىكوس دەرىخى.
بىر ئىكەن يولۇم،
كۆرۈشكەن قولۇم ــ
يىلتىزسىز دەرەخنىڭ ئىككى شېخى...

بىز ئىسمى باشقا بىردىن مۇخلىسى،
ئەي غەربىي شاردىكى ساناقسىز بىرسى.

2014 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# ئىككى خېرىدار

ئىشىكنى ئېچىشىمغا ئەتىگەندە
ئىككى خېرىدار چىقتى قوياشتىن.

«ئالتۇن ئالغۇچە دۇئا ئال» دەيدۇ،
ئۇلار ئامبارنىڭ ئالدىدىكى
سايىنىڭ ئەگمىسىدە.

دادامىمۇ سايە، دالدىدىكى
كۆرۈپ، ئاڭلاپ، سېزىپ كەلمەيدۇ
تام تۈۋىدىكى ھېچكىم يوق ياقتىن.

ئىككى قاپتىن،
خورما ساتتىم
بىسمىللاھ دەپ.

يىراق يازدا قايغۇ - ھەسرەتتە
شاختىن خورما ئۈزدى بىر ئەرەب.
ئىككىنچىسى سالدى غالتەككە
خالتا كۆڭلىكى چاپلىشىپ تەرلەپ؛
بوينىنى سوزغاندا مەن تەرەپكە،
دادام چاقىردى نۇردەك ئاق رەڭدە
ئاندىن كەتتى مەيىن شامالدەك...

بازىرى كاسات باققال مەن دائىم،
جان پىشقاندا تەن شېخىدا
ئۆلۈم مېنىڭ خېرىدارىم...

2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

# سۇ ئامبىرى

ئېگىز داميا سوقۇلغان،
قوللىرىدا جۇل - جۇل بايراق،
قاچالىسۇن سۆگەتلەر قانداق؟

ئەمەتجاننىڭ ھاردۇقى چىقتى شامالدا،
ئەخمەتجان ئۇزاق تىكىلدى
لايدەك ھەسرەتنى ئۇنتۇغان ھالدا.
چەكسىز زېمىندا كۆك ئاسمان — دالدا،
نېمىدىندۇر قورقۇپ تۇرغان ئادىل تۇنىيازغا.

چاتقالدىن چىققان بىر جۈپ قىرغاۋۇل
ئۈركۈپ قېچىپ كەتتى يازغا.

سۇ مۇشۇنداق يارىتىلغان -
غەمسىز، سۈزۈك، ئىشىكى ئوچۇق.
ئاسمان بىزگە قارىتىلغان -
جان قايتىدىغان قانداق چوڭ يوچۇق!

ئۇشتۇمتۇت ۋاقىتنىڭ ئۇچى تارتىلغان،
كەينىمدە قول سىلكىپ قالدى قومۇشلۇق.

2013 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

# ساتىراش ئۇستام

چېچىمنى تۇتسام
كەتتى قىچىپ
قارىدىن ئاقتا،
ئۆمۈر يۇلتۇزلىرى شولا چېچىپ
قىرانلىق ئاسمىنىم يورۇغان ياقتا.

ماشىنام دوقمۇشتىن قايرىلىپ
ساتىراشخانا ئالدىدا توختىغاندا،
ئەلى ھاجىمنىڭ كۇندۇزى يىرىك
ئەكس ئەتمەكتە ئەينەك تامدا.

ياماشقاندا ئالتۇن باشقا پىت
تېرىدىن قان چىقماي جان چىقار شېرىن.
بولساقمۇ بىز بىر توپ تىرىك ئىسكىلىت،
ھايات چەكسىز مۆجىزە لېكىن.

ھۇنەر بىلەن كۆكىرىدۇ ئەر
دۇكىنى شاھانە، قولى گۈل ئۇستام.
چاچلىرى پاخپايغان بىر دەرۋىش كىرەر،
تۇك بۇيۇك يۇك ئېھرامدىن چىقسام.
تاشتىن بىر ئۆي سالدى كىشىلەر
قۇياشتىن بېشىنى قىلىشقا پىنھان.

تاقىر باش كۈن باشباشتاقمۇ سەن؟
مىت قىلماي تۇرۇپسەن ئالتۇن چەمبەردە.
زېمىندا بىرمۇ جان قالمايدۇ ئېسەن،
قىلدەك بىر خاتا ماڭساڭ ئەگەردە.

كەتكەندىن بېرى ھۈنەرنىڭ پىرى
ساماۋى كەسىپلەر قالدى ئادەمگە.
قات ـ قات چەك ئارا ئادەمنىڭ سىرى
بىر تال چاچتىن قايتتىم ئالەمگە.

2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

# ھېكايىسىدىكى ھۆرپەيگەن كىشى

بېشى چاشقاندىن باشلانغان
ھېكايىسىنىڭ،
كەلگەندە ئوتتۇرىغا بوۋاي ئۆلىدۇ.
سايىسى ھايات قالغان كىشىنىڭ
ساقاللىرى كۆيىدۇ.
چىقىپ ئاندىن سىياھدەك قاندىن
ئادەملەر توپىدا مېنى كۆرىدۇ.

ئۇچراشتىم كوچىدا
بۆركۈت قاناتلىق كىشى بىلەن ـــ
بىنالار ئاستىدىكى
ئاسمان پارچىسىدا
قۇشقاچتەك مېڭىپ يۈرگەن.

ئۇنىڭ بۇلۇتى توغراق ئۇچىدا،
ئۇنىڭ بۇرۇتى قۇملۇقتەك كۇل رەڭ.
ئۇنىڭ يۇرتى
ياز شاماللىرىنىڭ ئارىسىدا
مېنى قارشى ئالغان توغراقلار بىلەن.

ئۆتتى كۆك ماشىنا يېنىمىزدىن،
ئۇنىڭ رەڭگى يازدىن كېيىنمۇ
ئۆتۈپ كەتتى جېنىمىزدىن.

بىراق ياشاپ سايىدىنمۇ تېز
كېچەلمەي كەلدۇق نېنىمىزدىن.

چۈنكى بىز
قۇرۇغان دېڭىز بويىغا بېرىپ
قاشتېشى بىلەن دەپنە قىلىنغانلارنىڭ
باش سۆڭىكىگە
كۆن پاتقاننى كۆرۈشىمىز،
نىكاھى بىزگە ئوقۇلىدىغان
بېلىقتەك قىزلارنى سۆيۈشىمىز،
شاكىلى يېنىدا يەر شارىنىڭ
ئەمدىلا چىققان چۈجىلەردەك
كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك.

تاغلار سىنى ساقلاپ كەتتى،
ئىشىكنى ئەتسەڭ، دېرىزەڭنى ئاچ.
كوچىلار ۋاڭ - چۇڭى كۆككە يەتتى
تالانى تاقاپ ھېكايەڭگە قاچ.
مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ كەتتى
كۈتەي ھەر سۆزدە كۈتكۈچىنى
ئالەم كىتابىنى ۋاراقلىغاچ...

2013 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

# نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى

— شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى بىرىنچى دوختۇرخانا ۋىراچى مەرھۇم سۇلايمان دوختۇرغا

چۈشۈمدىن چىقتىم
چېچىمدا ئۈچ ـ تۆت تال كېچە نۇرى.
مېنى ئازدۇردى دوختۇرخانىنىڭ
ئىچكى ئەزادەك كارىدورى.

سايىسىدا مەشھۇر نامىنىڭ
تاشقى نېرۋا كېسەل دوختۇرى —
سۇلايمان دوختۇر،
ئازاد بولغان جېنى تۆت تامىنىڭ،
يود پۇرىقىدىن ئىزدىسەم يوقتۇر.

ئۆلۈپ كېتىپتۇ
نېرۋا تاشقى كېسىلى بىلەن.
ئالەم ئەينىكىنى كۆرۈپ كېتىپتۇ،
ئادەم ئەسلىي بىر يۇلتۇز ئىكەن،
زېمىندا بىر مەزگىل يورۇتۇلغان.
ئارقىدىن ئوربېتىغا قويۇپ قەدەم
قىيامەتكىچە ئايلىنىپ تۇرغان.

كەينى ئاسمانغا، تامغا ئالدى
شېئىرىمغا كىرىپ قالدى

چۈشىگە كىردىم
ئۈستەلدىكى قىزىل ئالمىنىڭ،
قورقۇنچلۇق قۇرتتەك.
ياكى پىچاق تۇتقان ئالىمىنىڭ
مېڭىسىدىن چىققان ئۆسمىدەك.

بىز
ماختىنىمىز
ھۈنىرىمىزدىن،
بەلكىم تەپ تارتماي ئۆز ئىگىمىزدىن
ماختىنىش ــ ئۆتكەن سەۋەنلىك بىزدىن.

2014 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# سۆزگە كۆيۈپ قالغۇچى

ئېچىلسا غۇنچىدەك ئاغزىڭ ئۇچى
بىردىنلا شېرىن مېۋىگە تولار.
تەگكۇچە ئېچىرقاپ قەلىمىم ئۇچى
تىل دەرىخىدە ساڭگىلاپ تۇرار.

ئاق قەغەزدە چۈش.
چۈشۈمدە تاللا بازىرىدا مەن،
تىزىپ قويۇلغان ھەممە تىل ۋە غەم.
تاللىۋالدىم ئەڭ گۈزىلى دەپ
ئۆز غېمىمنى، ئۆز تىلىمنى مەن.

ئاق قەغەزدە چۈش:
بارچە سۆزۈمنى تارتىۋالغان
بارچە تۈزۈمنى قولىغا ئالغان
گىرامماتىكا ئاتالغان مەرگەن
قورال تەڭلەپ تۇرىدۇ ھەردەم.
بىر پېئىل بىلەن
ئۇيغۇر تىلىدىن
قىلىچ ـ نەيزىلىك سۆزلەرنى يىغدىم.
ئاندىن شېئىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىغا
بۇلۇتتەك ئېگىز ئورۇندۇق قويدۇم،
قۇياشتىن تاج كىيىپ ئولتۇردۇم.
شائىر مەن،

شاھى مەن —
ئانا تىلىمنىڭ.

سۆيىمەن ئانا تىلىمدىكى
ھەربىر سۆزنى، ھەربىر پېئىلنى.
مەنىسى سۇ بىر چىنىدىكى
دۇنيانى چىن سۇپەتلىگۈچىنىڭ
سۆيىمەن ئىسىم، سۇپەتلىرىنى.
سۆيىمەن بىپايان سۆز بوشلۇقىدىن
چاقنىغان يۇلتۇزدەك مەنە سىرىنى.
سۆيىمەن تەكلىماكان بويىدىكى
مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى دېھقان
ھاۋاغا ئاغزاكى يازغان شېئىرنى.
سۆزلەيمەن ئاخىرقى ئاقلىغۇچىدەك
سۆز ئالتۇن مۆھۈر، بىز ئاقسۆڭەك دەپ.

شېئىر مەن كۆيگەن، سۆيگەن يار ئىدى،
سىياھتەك كىرپىكىنى قايرىپ قارىدى.
سۆز مەنىسى ئەرشئەلادىن
يەرگە شولىدەك چۈشتى، تارىدى.

2014 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

# دېڭىز بويىدىكى ئاق داچا

قاچا ـ قاچا
چەكسىزلىككە بىز،
دەرەخلەرمۇ قوغلاپ توختىدى.
يىراقتىن قارىساق دېڭىزدا ئاق ئىز،
ساھىل تىنچ ئادەم يوق ئىدى.
قوش كۆرۈنگەن قۇشتەك سايىمىز،
شولىلار قۇياشتىن ئاتقان ئوق ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىدىن باش چىقارسام
ئاق قەغەز تام، گۇللەر ياماشقان.
سىياھتىن كىرپىك، قاش چىقارسام
كۆزلەر سۆزدىن نۇر تالاشقان.
نەم قۇمدىن سۆگەكتەك تاش چىقارسام
دېڭىز ئۆز ئۆيى، بېلىقلار قاچقان.

مەنە دولقۇندەك قېچىش مۇمكىنمۇ؟
دېڭىزغا باقساق چۇشكەن نۇر ــــ كىتاب.
ئادەم ــــ تۇپراق، چېچىش مۇمكىنمۇ؟
شامال شامالغا قىلىدۇ خىتاب.
تىنىقتىن جاننى تېپىش مۇمكىنمۇ؟
ھەر كۈنى ياشاپ، ئۆلدۇق بىھېساب.

سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلىسام
تارتتى تىلىمدىن سۆز قۇيرۇقىنى.

ئېگىز روجەكتىن نەزەر تاشلىسام
ئاسمان يالايتتى ئۆز قۇيرۇقىنى.

غېرىبلار شەھىرىدىن قاچا ـ قاچا،
سۇ شەھىرىگە كېلىپ قالدۇق.
تېمىغا دولقۇنلار خەت يازغان داچا،
بىز ئاشۇ شېئىرغا كىرىپ قالدۇق.

2014 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

# مايمۇن ئارىلى

قانداق بارايلى؟
ئادەمنىڭ يارالمىشىدىن
تۇنجى سۆز ھالىتىگە.
ئىسسىق بەلباغقا يىراق قىشتىن
دېڭىزنىڭ ئېچىلغان كۆز ھالىتىگە ــ
كۆرۈنۈپ تۇراتتى چۇشى قىرغاقتىن.

كۆك كۆزگە چۆكتۇق
شوخ يالقۇنلار ئۇنىڭ تەكتىدە.
غالتەككە ئولتۇرۇپ ئاسماندىن ئۆتتۇق،
تۇز پۇۋلەنگەن ياپراق شەكلىدە.

تاش ۋە ئاسماندىن ياسالغان ئارال،
ياش مايمۇنلار سۇ ئىچىۋاتقان.
گۈللەر ئېرىشكەن، ئىزدەيدۇ شامال،
كۈنلەر ئاتقان ئوق، بىز قېچىۋاتقان.

بىر توپ بانان قېچىپتۇ،
قولىمىزدىكى زېدە مېۋىسى.
بىر توپ ماماكاپ ئۆيدىن كېچىپتۇ،
ئۆزىمىزدۇر ياكى سايىسى.

مايمۇن ئادەمگە ئايلىنىۋاتاتتى،
سۇت كەمپۈت يەپ، چېچەك چاي ئىچىپ.

دارۋىن بىر سەكرەپ شاخقا قاچتى،
ئۆلۈم دەرەخ باقىنى لىڭشىتىپ.

كۈندۈزنىڭ ئاخىرى ئارالدا قالدى،
يېشىل ئادەملەر زاۋالدا تۇرغان.
قورقۇنچىمىز تالادا قالدى،
بىز
بۈيۈك بىر سۆزگە كىرىپ كەتتۇق
يەر بىلەن ئاسماننى تۇتاشتۇرغان.

2014 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# قارغا قارشى يۆنىلىشتە

دېرىزەم كۆرگەن چۈشتە
تېرەكلەر ئېيتار ھەمدۇسانا،
ئوخشاش بىر رەڭ، بىر يۆنىلىشتە.

سائەت ئۈچتە
تۇن بەرگىدىن جىمىرلاپ قوپتۇم،
پەس ئاسمان يورۇدى سېنى كۈتۈشتە،
بىنالار، كوچىلار كۆرۈندى يوقتىن.

قەغەزدىكى قىز
سۆزلەر ئارا بولدى رەسىدە
قۇستى قەلىمىم، ئىسسىق، ھۆل ئۈچى.
تېنىم ئارتۇق يۈك سۆيگۈ دەشتىدە
جېنىم مەنزىلگە يەتكەن يولۇچى.

رەھمەت ئېيتايلى يېڭى قارغا
كونا گۇمبەزلەرنى بەردى ئاقلاپ،
نەزەر سالساق ئاپئاق مازارغا.
ساقچىلار جەسەتنى ئۈچ كېچە ساقلاپ
قويۇپ بەردى،
ناخشا ئېيتقىلى ئاق قۇشقاچلارغا.

بۆلجۈرگەن يەۋاتقان ئايالنىڭ
ئاپئاق، سېمىز، مايماق ھالىتى

كۆچۈكنى كۆرگەندىكى ھاياجىنى،
سۆرەپ ماڭدى ئۆيۈمگە مېنى.

پۈتقا ئېيتتى ئورۇندۇق پۈتى
— ئەي، شاھىنشاھىم مېنى ماڭدۇر.
ئولتۇرغان قىمارۋازنىڭ ياتقان بۇرۇتى،
ئۆرە تۇرغۇچى ـ ھەر كۈنى تامدۇر.

بىر قول پەلسەپە كىتابنى تۇتتى:
جان يوق نەرسە، جان دېگەن ئاڭدۇر.
پۈتقا يالۋۇرار ئورۇندۇق پۈتى:
— ئەي شاھىنشاھىم مېنى ماڭدۇر...

چىڭ باغلانغان ئۇيغۇر تىلىدا
بىر مىسرا ـ بىر مىسرادىن ئۆرلەيمەن تەستە.
كۆككە ئىنتىلدى بارلىق بىردىنلا،
مەڭگۈ نۇرانە يۈزنى كۆرمەككە.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

# شەكۈرەنىڭ تويى

ئاناردىن چىققان بىر تال قىز
ئاناردەك يۈرەكنى يېرىپ بېرىپسىز
كۈز پەسلىنىڭمۇ ئىگىسىگە،
قىش پەسلىگە ئېرىپ كىرىپسىز.

تويلۇق كىيىم كىيگەن دەرەخلەر
قارىمايىنىڭ ماي يوللىرىدا.
بىر توپ ئوغۇل ـ قىز يول تاپتۇق بىز دەر،
بېشىدا كۈن تاج، ئاي يوللىرىدا.

قوللىرىدا
باغاق، خىزمەت پىلانى، پۇل چېكى كۆتۈرگەن
شەھەردىكى ئالدىراش بىرى
ئاخىر ئۆزىنى ئالدىدى،
ئاخىر ئالدىغا ساڭگىلاپ بېشى
ئالەم ئالدىدا.

شەكۈرە
ئۆي ـ ئوچاقلىق بولدى،
يېڭىياچە تۇتقان ئۆيىگە
شېئىرىمدىن كەپتەرلەر قوندى.
يۇلتۇزى پەگادىن چىقتى تۆرگە،
ئېرىم دەپ ئات قويغان ئەر نۇرمۇھەممەد
ئۆيۈم دەپ ئاتىغان يەر جەننەت بولدى.

بۇ تويغا كەلمەيدىغان بولدى،
ئۆلمەيدىغان دوستلىرى بىلەن
قاراڭغۇدىكى بىر توپ قار ئادەم.

2013 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

# كونا ئاياغ ساتقۇچى ئايال

پۇچۇق ئاي نان تىلەيدۇ دىۋانىدىن،
بۇ ئاياغچىنىڭ ئولتۇرغان يېرى.
كەچ كىرگەنسېرى
خېرىدار يېغى،
پارقىرار قاراڭغۇ بازارنىڭ رېڭى.
چاقىرار ئايال يىرتىق ئاۋازدا،
ئاقىرار يۈزلەرنىڭ توپا - چېڭى.

مايلاپ
كونا ئاياغلارنى يېڭى تۇستە
قويۇپتۇ تىزىپ ئاۋايلاپ،
ئاي بىلەن تۇمشۇقى بىر يۆنىلىشتە.

كېرىلىپ كەتكەن ئايالچە ئاياغ
سىيرىلىپ تۇرمىغان پۇتنى ئەسلەيتتى.
ھېرىپ كەتكەن ئەرەنچە ئاياغ
ئېگىز قونچىسى ئۇپراپ پەسلەيتتى.

«ئودىيسا»دىكى كەچكى دېڭىزدا
بىر ئەر دولقۇنلارغا دەسسەيتتى،
كۆرۈنمەيتتى پۇت ئىزى ئىزدا،
دېڭىز شىردەك، ئايال ئەسنەيتتى.

ئاسماندىكىلەر كېلىپ كەتتى.

— كەلسىلە، تاللاپ كىيسىلە
— ئاۋۇ توڭكاي نەچچە پۇل؟
— بايۋەچچىدىن قالغان ئاياغ بۇ، چاغلاپ بەرسىلە.
ئاياغلار كەتتى تەرەپ - تەرەپكە.

ئاۋاز چىقسا
چىرايلىق ئايالنىڭ توپلىيىدىن،
ئوق چىقسا
بالىنىڭ ئويناۋاتقان تاپانچىسىدىن،
«ئىت ئىگىسى بىلەن، قۇش مېڭىسى بىلەن»
ئىس چىقسا بىرىنىڭ مېڭىسىدىن،
قاچقان پۇتلار يالاڭئاياغ
تىكىلگەن ئادەمنىڭ تېرىسىدىن،
بىر توكۇر يات يۇلتۇزغا بېسىپ ئاياغ
كەچۇرۇم سورىدى ئىگىسىدىن...

تىراگېكومېدىيە باشلانغان كەچ
بالىمىز بىلەن ئويۇن ئويناپمىز.
يىرتىلسا، ئېتىلسا بىر پاي ساپما كەش
تۇرمۇشتا رېژىسسور يوق دەپ ئويلايمىز.

ئاسماندىكىلەر كېلىپ كەتتى

كونا ئاياغ ساتقۇچى ئايال
نامازشام گۇلىدەك ئېچىلغان يولدا

رېژىسسور پۇتلارنى ئالماشتۇرۇۋەتتى،
ئاياغلار ماڭماقتا پۇت ئالغان رولدا.

2014 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

# سودىگەر

يات شەھەردىن ئاتسىز ئۆتسەڭ
ئىسمى تونۇش مېھمانساراي
كېپىشنىڭ ئىگىسى —
ياتاقتىكى ئاي.
مۇساپىرنىڭ مېۋىسى —
قول يەتمەس شاختىكى ئاي.

زاۋۇتلار پاڭقاي
يامغۇر پەسلىدە.
شەرقنىڭ شەرقىدە
كۆنلۈكسىز مەن،
تىلىم نەم.

سودىگەر ئۆزىدىن باشقا ئادەم،
ئۆز مەيدانىدىن ئوغرىدەك چىقىپ
يامغۇر تامچىسىدەك تاشلايدۇ قەدەم
پايدا بار تۆشۈكتە تۆگەيدۇ ئېقىپ.

مېنىڭ تېرەمنى كىيگەن ئۇ ئادەم
ئۆزى يېمەيدىغان نازۇ نېمەتتىن
ئۆزى يەيدىغان مۇساپىرلىققا
قىزغۇچ مېۋىنى قويۇپ قويدى
قاتتىق پوستى.

ئەي قاتتىق دوستۇم
يۇمشاق پوستۇم،
ئۇرۇقى بار ئىدىيەمنىڭ.

پىشقان سۆيگۈم بىلەن قىرتاق تەمدە
كۈتمەن سېنى ۋە باشقىلارنى
يېڭىدىن پەيدا بولغان ۋەھىمە، غەمدە
ئاتام ئادەمدىن قالغان ئۆتەڭدە.

مەن كىتابنىڭ ئىچىگە ماڭدىم
يىرتىلغان قەدىمكى يىپەك سەھەر.
مەن ئۆلۈمنىڭ كەينىدە قالدىم،
چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزكەن ئالدىم.

مەن سودىگەر دەسمايەم نېسى ــــ
يوقتىن ئېلىپ ساتارمەن يوققا.
دۇنيانى ئامانەت دەپ بىلگەن كىشى
زىيان تارتسىمۇ ئېرىشەر لوققا.

2013 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

# مازار بېشى

«تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى»
تۆگىدەك چوكلىنىپ ئولتۇرساق
روھ ئېگىز، ئادەم پەس تۇپراق.

شەھەرنىڭ ئارقا ھويلىسىدا
ئاسمان ئوچۇق، كۆزەتچى قۇياش.
بىز يوقلاپ كەلگەن كىشىلەر بۇندا
ھاياتى پىنھان، ئۆيلىرى تۇتاش.

يەردىن چىققان بىر يېشىل ئىنسان
بىز يەرگە كۆمگەن كىشىدىن نىشان.
شاختىكىلەر نېمانداق خۇشال؟
پەستىكىلەر غېرىبسىنىۋاتقان.

بىر ئاق كېگىز،
ئىككى شامال كۆتۈرگەن پادىشاھلىق،
بىر توپ ئادەمنىڭ جىمجىتلىقى.
ئۇشتۇمتۇت كۆلەڭگە چۈشكەندە بىزگە،
قايتارمىز ئىگىمىز تۇرغان ئېگىزگە.

2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.

# مۇقام پايتەختىدە

شەھەر ياتار ئاينىڭ تەكتىدە،
شېئىر — ئىچى يورۇۋاتقان ئۆي،
مىسرالاردەك يوللار تارتىلغان.
تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى كۈي،
ئاسماندىن بىزگە قارىتىلغان.

بىر توپ ئاۋازنىڭ ئىچكىرىسىدە
بىر سۈكۈت ئاۋازلار پادىشاھى
بىزنى چاچقان، يىغقان بىر يەرگە.

تىرەك دەپ ئاتالغان تىرىك كىشىدە
ناخشىلار ۋىژىلدار ئوقيادەك گاھى
ياردار قىلىپ ئاڭلىغۇچىنى.

يورۇق بىر ئىسىم باغدىن چىقىپ
نەچچە يۈز يىل كەزدى كوچىنى،
كوچىنىڭ ئىسمى مىرزا ھەيدەر.
قامچا قىلىپ يىللار ئۆچىنى
پادىچى ھەر يەردىن بىزنى ھەيدەر.

ساندۇقتىكى داپنى، ئاسقۇدىكى قالۇننى
قاينامغا ئايلانغان ئادەمدىكى مۇڭنى،
سوتنىڭ ھۆكمىنى، ئالەمدىكى قانۇننى
سورۇنغا جەم قىلدۇق، مۇقام دەپ ئات قويدۇق.

ئاۋازدا كۆك تاڭ يورۇۋاتاتتى،
شولىدەك چۈشكەن كىتابنى ئاچتۇق،
يەرگە يىغىنە چۈشسە ئاڭلىناتتى.
ئىچىمىزگە ئون مىنۇت قاچتۇق.
بىر يىگىت شاۋقۇنغا ئۆزىنى ئاتتى
قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ قاچتۇق.

گىژىلدىغان ياز
چىۋىن قانىتىدىن ئاڭلىناتتى.
ئايال ــ چېلىنىۋاتقان ئۈچ پۇتلۇق ساز،
كۆي پايتەختىدىن كوھىقاپقا قايتتى.

بىر توپ يامغۇرنىڭ ئىچكىرىسىدە
قوغدالغان ئاۋازلار پادىشاھى،
ئاڭلاندى يەردىن ئاسمانغىچە
ئۇنىڭ پەرمانى، سۇنىڭ ئاھى.

2014 ـ يىل 4 ـ ئاي.

# ئايروپىلاندىن چۈشۈۋېتىپ

ئاق بۇلۇتتىكى ئۇيغۇر
لەيلەپ يۈرگىلى ئۇزاق بولدى
ياقا يۇرتتىكى قول يەتمەس يەردە.
ئۆيلىرى يىراق شامالغا تولدى،
ئويلىرى پىچاق، يۈرىكى زەردە.

تېلېفون جىرىڭلىسا
قولىدا تۇرۇپكا قوش ئېچىلغان گۈل،
يۇرت پۇرىقى پۇرار بۇرنىغا.
گۈللەر ئېچىلار، ئېچىلماس كۆڭۈل
كۆنلەر قايتىپ كەلمەس ئورنىغا.

مەن ئۇنى تونۇيمەن
ئۇ بەلكىم دوكتۇر،
ئۇ قەرزدار ئانا تىلىغا
ئوقۇغىنى بىر ئۆمۈر پوقتۇر.
ئۇلار قانچە غېرىبسىنىسىمۇ
ئۇيغۇر تىلىدا غېرىبلىق يوقتۇر.

مەن ئۇنى تونۇيمەن
ئۇ بەلكىم شوپۇر،
تاكسى ھەيدەر يات كوچىلاردا
بىر ئۆمۈر ماڭار ماڭغاندەك توكۇر،
قەبرىسىز قالار يامغۇردا، قاردا.

مەن ئۇنى تونۇيمەن
ئۇ چوڭ سودىگەر،
ئۇنىڭدىن ئۆزىنى مىڭ ھەسسە باي دەر
كوچىمىزدىكى جوندەك قەلەندەر.

مەن ئۇنى تونۇيمەن
يىسا قاتلىمىسى يەۋاتقاندا،
يېيىزى گىچ ـ گىچ، خېمىرى قات ـ قات.
كالدىرلاپ بىرنېمىلەر دەۋاتقاندا
دەيمەن بېشىڭنى يە، بىز تېخى ھايات!

دەيمەن ئۆيلەردە سەرسان ئايالغا
ئۆيۈڭگە قايت، ئېرىڭنى تاپ.
دەيمەن ئاق چاچلىق گېنېرالغا
ۋاقتى ئۆتكەن قىلىچىڭنى پوقىا چاپ!

ئىسسىق قوغلاپ ماڭار تۇرنىلار
سورىماس كىم نېمە يېگەننى.
كەچۈرۈۋەتتىم پەقەت بىرنىلا
ھەركىم بولسا ۋەتەن دېگەننى.

چۇشۇۋېتىپ ئايروپىلاندىن
چۇش كۆرگۈچى دېدىم بىر قۇشكەن.
قالغان ئىزدۇر ئىنسان ئىنساندىن
بىز بىر توپ نۇر بۇ يەرگە چۇشكەن.

2014 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# ياز كەينىگە يېنىۋالدى

ماشىنا ئالدى
تىللايىتتى قارنى،
ئەڭ گۈزەل تىل بىلەن ياكى نۇر بىلەن،
ياز تۆت چاقنىڭ كەينىدە قالدى...

كۆچانىڭ رەڭگىدە
كوچىنىڭ ئەڭ ۋاز - ۋۇز يېرىدە
مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئېغىرلىقى بار.
چوكۇلدار مېكىياندەك بالا مېھرىدە
ياغلىقىغا يازنى تىققان يار.

نەيزىلىك نەۋكەردەك قورشىغاندا كۆز
ئۆلۈمنى ئۈنتۈدۈم ياكى ھەسرەتنى.
قوغداشقا يېتەر سامادىن بىر سۆز،
ئۆيگە قاچقان تىرىك جەسەتنى.

مەن يار بىلەن پىچىرلاشقاندا
ئۈچىنچىسى، ئۈچىنچىسى سەن،
ياز توختا، دېگەن.

ئاندىن شېئىر يازدىم،
كۆك چۆچۈرىسىدىن كەلگەن تەمدە،
ئوت دېگەن سۆزدىن ئاغزىم كۆيگەندە.
ياز كەينىگە يېنىۋالدى
ئۈشتۈمتۈت، ئاق رەڭدە.

2014 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

# ئاكامنىڭ تېلېفونى

سۈنى سۈزۈكلۈكى كۆتۈردۈ،
ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر كىتاب
ئوتتۇز پارچە ئاق بۇلۇتتەك
ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن پېتى
قەلبىمدىن بوشلۇقنى چىقاردى قىستاپ.
بوشلۇق — ئالەمنىڭ مەخپىيىتى،
سۆز بوشلۇقىدىن سىرلىرىنى تاپ.

ئۇنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولدى،
ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نازۇك مۈڭ
ئاق كەپتەرلەردەك يەلكەمگە قوندى،
كۆتۈرەلمىدىم
ئۈچىنچى قەۋەتتىكى پەشتاقتا ئىدىم.

پەشتاقنىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتى ئاسمان
ئۇنى كۆتۈرۈپ بولالماس زېمىن.
قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەيۋىتى ئاسمان،
پەسلىرىنى بىز سالغان لېكىن.

ئاۋازىنى كۆتۈردى ئاكام،
ئېگىز بىر شاختىن
چۈشكەندەك غازاڭ،
قورشاۋدا قالغان سۈكۈت توساتتىن...

تىروي شەھىرىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ
ۋارقىرىسام ھەر تەرىپى تام.
تامدىكى تىيرىلەر سارغىيىدۇ،
ماڭ ئۉزۇك قوپۇپ، سىلىنىپتۇ جان.

بىر سۉز - بىر سۉزدىن كۉتۇرۇپ مىنى
قويدى قۇش پۇتلىرى تەگكەن يەرگە.
قويدۇم ئۇركۇپ كەتكەن شىئىرىمنى
مەڭگۇلۇك ئاۋاز كۉرسەتكەن يەرگە.

2014 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۇنى.

# تاكسدا كېتىۋېتىپ

بىر كېتىۋاتقان بىر يوق تەرەپتە
ئاسمان ئەينەك،
بارلىق ئەينەكتە.

2013 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

# كۆرۈش بىلەن ئاڭلاش ئارىسىدىكى خان كەنتى

1

تاغ بوغۇزىدا
ئاتلىق كېتىۋاتقان قەدىمكى شامال،
قولىدا يىرتىلغان سۇزۇك كىتاب —
سەھەردۇر سەھەر،
كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئوقۇساڭ ئەگەر.
ئەگەر كۆزۈڭنى ئاچساڭ
ئەما تارىخچى
دەريا ئۇستىگە خەت يېزىۋاتقان،
تىرىك شەھەر ئۆلۈكلەر سالغان.

2

كۇزنىڭ ئاۋازى،
دەرەخلەر قەسىدە ياڭراتماقتا.
بارچە مەدھىيەگە لايىق بولغۇچى
بارچە تىرىك دەرەخنىڭ ئۇچى
كۆرسەتكەن ياقتا.

كۇز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقان.
ئاڭلاندى تاغلارنىڭ سۇكۇتىگە،
ئاسمان ئىشىكى غىچىرلاۋاتقان.

ئاتلار كىشنەر
چۈش كۆرگەن تاشتا.

بىر چال چىقتى تايىنىپ ھاسا،
بىر ئايال ھويلىغا كىرىپ كەتتى.
بىر تال غۇنچىنىڭ ئىچىگە ماڭسا،
بىر تامچە گۈل سۈيى يەرگە تامسا،
تامغان يەردىن ئەر ئۈنۈپ چىقسا،
ئۈنىڭ ئىسمى سۈتۈق بۇغراخان.

3

تاش يېرىقىدا
كۆتۈرۈلگەن يېشىل باش.
كۈندۈزنىڭ چىرىغىدا
ئەمالار يېزىقىنى ئوقۇۋاتقان
بىر چۈمۈلە ماڭا ئوخشاش،
ھەربىر ھەرپ كۆرۈنگەن نەرسە
بىر ھەرپ يورۇتقان قۇياش.

سامادىن بىر كىتاب چۈشتى يەرگە.

4

چۈش ۋاقتى بىر غۇلاچ،
قەدىمىم قەدىمىمگە تارتىلغان كىرىچ.
كۆزۈمنىڭ ئىككى دەرياسىدىن
ئۇ قاتتا كۆرۈنۈپ تۇرغان باغقىچە
ئاپتاپتا ماڭدىم، سايەمدە قىلىچ.

ئۇستەل باشلىغان تۆت مىسرادىن
ئۆستەڭ تۇگىگەن بىر كوچا بويلاپ
ئۇشتۇمتۇت كەنتتىن چىقمشنى ئويلاپ،
قوپتى سۇلتان مازىرى
توپىدىن بىر غېرىچ.

زامان زامانغا تارتىلغان كىرىچ

5

ئۇچ كۇن بولدى
بىر چوكان بالىسىنى كۆرمىدى،
ئۇشتۇمتۇت غېرىب ئەنجۇر دەرىخى
ئەنجۇرلىرىنى كۆرمىگەندەك.
ئەنجۇر دەرىخى تۇغدى شاخ ـ شاختا،
باغنى ئايلىنار ئاق سېرىق ئايال،
بالىغا بولغان ئىچ ئاغرىقتا
بوۋاق پوقىدەك خۇش پۇراقتا.

ھەممىمىز بۇ شەھەردىن كېتىمىز،
ئۆلۈم تەمىنى تېتىپ كېتىمىز
ئۆلمەس چاقىرىق ياڭرار قۇلاقتا.

6

كۆرۈش ئاڭلاشتىن ئېگىز.
بىر ئادەم دۆڭدىن پەسكە باققان،

ماشىنا چاقى لايغا پاتقان.

بىر كەنت كۆك يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان.
ئاسماندىكىلەر قاراۋاتقان.

ئاڭلاش كۆرۈشتىن ئۇزاق.
تاغلار ھالقىپ تىزگىننى تارتىپ
تاش مەسچىتتە توختىدى خاقان.
مەن توختىدىم ئۇنىڭ كەينىدە
ئالدىمدىكى تونۇش توپا ـ چاڭ.
ئۆلۈم مەندىن ئىشىپ كەتمە،
تىلىم مەنىنىڭ كەينىدىن ماڭ.

تاغ كۆرگەن نەرسە ماڭا كۆرۈنمەس،
ئاڭلىغانلىرىم قايتتى ئۇنۇمگە
ئەزان توۋلاۋاتقان بىر ئادەمدىن،
ئاي بىلەن بىر بىنا سىڭلىندى تۈنگە.

## 7

يېشىل كەنتتە
ھايات ئۇپۇقى، ئۆلۈمنىڭ چېكى.
ئۆلۈكلەرنىڭ چۈشىدە
قۇياش بىزنىلا كۆرسىتەتتى.
ئۆلۈك شەھەر ئۈستىدە
ئۆلمەسلىك بىرنىلا كۆرسىتەتتى.

قەغەزگە ئەرۋاھتەك ئاق بولۇت چۈشتى،
شېئىردىن قىپچىپ چىقتىم مەن قورقۇپ،
خاقان يېزىسى ئاسمانىنىڭ ئۈستى،
قۇياش يورۇتماقتا زىكىر ئوقۇپ.

2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

# شېئىرنىڭ ھېكايىسى

ئۇخلاۋاتسا بىر كۈنى تۆت تام،
ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ مەمەتخان غوجام
قاراقاش تۇۋەتتىن ئالتۇنلىرىنى
يۆتكەپ كېتىشنى قىلىپتۇ پىلان.

ئاندىن كاتتا خانىقا سېلىپ،
لىق بىر ساندۇق زىخچا ئالتۇننى
ياغاچ - تاشقا ئايلاندۇرۇۋېلىپ،
ئاخىرەتكە كېتىپتۇ ئېلىپ.

بۇ يەتمىش يىل بۇرۇن بولغان ئىش،
تارىخ گۆردىن، سۆزدىن چىقتى سۆز.
چاك كەتكەن مېھرابنى سىلاپ باقسام
چاكلىرىدىن باقار قارا كۆز.

ھويلىغا چىقسام
بىر تۈپ دوڭغاق جىگدە قىلماقتا دۇئا.

قۇياش گۇۋاھ،
قارا كۆزلىرىمدە سىلاپ باقسام
دەز كەتمەي تۇرۇپتۇ قەدىمكى ئاسمان.

2013 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

# خوراز نېمه دەيدۇ

چوقۇپ يەيدۇ
چاچرىغان ئاق يۇلتۇزلارنى
قاپتۇ بىر دان دېرىزەمدە.

تاج ۋە ئىسمىلا قالغان خاقان
ھىلال ئاي بار گۇمبەزلىك ئۆيدىن
ئىچى يورۇپ چىقتى سەھەردە.

تىرىلمۇاتقان ئۆلۈك شەھەردە
پالاقلايدۇ قاناتلىق بىرى،
پۈتى خورازدا، مەندە تېرىسى.

قارا كۆزدىن كىردىم كوچىغا،
ۋېلىسىپىتلىكلەر ئۇچار ئالدىراش
كېلىپ قاپتۇ جان تۇمشۇقىغا.

كۆردۈم بىر قىزنى تۇمشۇقۇم بىلەن
سۈيمنى ئېقىتىپ شۆپۈكدەپ يېسەم،
ئۇنىڭ ئىسمى ئەششاپتۇل ئىكەن.

چاچلىرى پاخپايغان سۆگەت ئويغاندى،
تېنىمنىڭ شاخلىرى ھەررەك - سەررەك،
جېنىم تاغاردا، تېنىم ئويلاندى.

تېنىڭ نىقابكەن، كىم سەن ئەي خوراز؟
توزۇپ چۈشكەن ئالتۇن پەيلەردىن
شائىر قۇياشنىڭ ئىگىسىنى ياز...

2013 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

# كۆك ياڭاق

ئۆزىنى قات ـ قات شاكالغا تىقىپ،
پات ـ پات كۆك رەڭدە جىنىمنى سىقىپ،
كەلدى پەتنۇسقا
يېزىدىن چىقىپ،
ئىچىمنى بوشاتتىم تاش بىلەن چېقىپ.

بارچە مېۋىلەرنىڭ ئىگىسى كۆكتىن
ھەرىكىتىمگە تۇراتتى بېقىپ.

2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

# قۇش خەرىتىسى

يېزىلىشتىن بۇرۇنقى
شېئىرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى:
ئېچىلغان تېلېۋىزور
ۋە قۇلىقىمنىڭ ئەڭ گۈزەل چۈشى.

ئالەمەن ھۇزۇر،
پىرىزدېنت دەپ ئاتالغان كىشى
كەسىپدىشىدىن ئالدى ھەدىيە.
ئاسمان سۆزلەنگەن يېڭى قىسسە،
زېمىن يىرتىلغان كونا خەرىتە.

يېزىلىۋاتقان شېئىرنىڭ ئوتتۇرىدا
بىر ئورۇندۇق بار،
ئاسماندىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا
ئاسمان كىتابىنى ئوقۇۋال ئۇندا.

يېزىلغان شېئىرنىڭ يان تەرىپىدە
قەلىمىمنىڭ ئۇچى نەم،
يارىسى نەم بىر ئايالنىڭ ھەم.
مەن ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپ ئۇدۇل
جەرەن سۇ ئىچكەن بۇلاقنى تاپتىم.

شېئىر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن
شائىرنىڭ ھاياجىنى بېسىلماس،
قۇش خەرىتىسى يىرتىلماس.

قۇياش يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن
ئاسمان ھېچ ئىنساننى ئىگە قىلماس.

2014 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

# ئىككى چۈمۈلە گەپ قىلىشتى

ئالما دەرىخىنىڭ قوۋزىقى يولدەك،
سالام قىلىشتى ئىككى چۈمۈلە
ئىسسىق قولدەك
بۇرۇتى بىلەن،
ئاندىن مېڭىشتى دۇرۇتى بىلەن
ئۆزىگە بېرىلگەن قۇياش نۇرىدا.

ئىككى سۆز بىر - بىرىنى پۈرايتتى
بۇ شېئىرنىڭ ئوتتۇرىدا.
ئۇيغۇر تىلى يورۇپ تۇراتتى،
سامادىن چۈشكەن مەنە نۇرىدا.

2014 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

# يەكەن چىلتەنلىرىم مازىرىغا دېرىزىدىن نەزەر

كىرپىكىم بىلەن ئەيلەيمەن ھەزەر
ئەرۋاھلارنىڭ تەخسىرىتىدىن.
قارىسام يېڭى بىر قەدىمىي شەھەر
ئاستى - ئۈستىدىن،
ئىچى - سىرتىدىن.

گۈمبەزلەر توختىغان
يۈملاق مېڭىپ.
تۆت چاسا بىنالار قىلچە قورقمىغان
بىر قەدەم قالغۇچە كەلگەچكە يېڭىپ.

يىرتىق ئەلەم ئىگىز يەلپۈنەر
بۇلۇتلار ئەرۋاھىنىڭ، بىزنىڭ ئەمەس كۈن.
يەردىكىلەر كۆككە تەلپۈنەر
خام خىيال كېرەك قۇش بولۇش ئۈچۈن.

كۆزىتىش نۇقتىسى يۆتكەلدى قۇشنىڭ:
قىزغۇچ توپىدىن
بىر دان يۆتكەلدى،
پالاقلايدۇ پەرىشان بىر توپ.
بىر مۇردىنىڭ قوپقۇسى كەلدى
ياغلىقلىق ئايال ماڭسا چوغ تۇتۇپ.

ئۆتتى كېسىپ كۆك شولا كۆكنى.
خانتاجى پىكاپىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى
ئابدۇرەشىتخان كىيىپ ئاق بۆكنى.

كۆزەتكۈچى
سەزدى ئۈشتۈمتۈت
تىكىلگەن ئۆزىگە كۆزىتىلگۈچى،
كور قەلەم مۇدۇرەر مېنىڭ قولۇمدا،
سېنىڭ قولۇڭدا ئاسمانلار ئۇچى.

2013 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

# بىز ئۆلۈمنىڭ قوشنىسى

— شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋاپاتىغا

ماشىنامىنىڭ ئەرۋاھى
لىپىلدىغان قىزىل چىراغدىن
بۇرۇلدى ئۈشتۈمتۇت ئۆلۈم بار ياققا.

يانفوندىن ئەنسىز جىرىڭلىماقتا
كۈندۈز دەپ ئاتالغان
ئاق قاراڭغۇلۇق.

تۇرۇپ قالدىم كوچىدا بىردىن
ئادەم يالغان
يا دۇنيا يالغان.
بىر ئۆمۈر مېڭىپ كىم ئاشتى قىردىن
يوق بار بولغان، بارلىق يوقالغان.
كۆمدۇق، كۆمۈلدۇق خەۋەرسىز سىردىن
ئاسمان ئۈستىمىزدە ئوچۇق قالغان.

قالغان شېئىر توپلام
ئاپتورسىز،
قالغان سۆزلەر كالامپاي، گۈنسىز
سەن كەتكەچكە ماڭالماي قىلدى.
بىر مىللەت ئۆزىنى تىڭشايتتى ئۈنسىز،
بىر كىشى كېلەتتى نەچچە يۈز يىلدا.

قۇربان ھېيت كۈنىدە
چېكىشتىن بۇرۇن ئىشىكىڭنى بىز
كۆز قەدىمىدە، غازاڭ ئۈنىدە،
ـــ دادا، دەپ يىغلىپ بولماستا بەش قىز،
كارىۋاتتىن يۆلەپ تۇرغۇزغىچە ۋە
كېتىپتۇ ئەزرائىل پەتىلەپ تېز...

ياشاۋاتاتتىم تامنىڭ ئۆمرىدە
كېسەكتەك ئويغىنىپ كەتتىم تۇيۇقسىز.
ئاي قول سۇنغان، مەن ياتقان ئۆيدە
زەنجىر ـ كىشەندەك ئېغىر خىياللار.

ئەي، زىيالىيلار!
ئەنقا تىلىنى بىلىۋالساقمۇ
تىلىمىز يۇمشاق بىگىز ئەمەس.
ئېگىز قالپاقلارنى كىيىۋالساقمۇ
ئورنىمىز پەگادىن ئېگىز ئەمەس.
جاننى بىر ئۆمۈر سېلىۋالساقمۇ
بىزگە تەۋە بىر كىگىز ئەمەس.

ئىشىك چېكىلدى،
قەغەزدىن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتىڭ.
شېئىر ـــ تۇرمەڭ، ئاچقۇچ تېپىلدى،
پېقىر بىلەن بىر پەس مۇڭداشتىڭ.
ئاندىن ھېكمەت سېنى رام قىلدى
سامادىكى كىتابنى ئاچتىڭ.
كەڭ كائىناتقا تەسلىم بولۇپ
مەن بىلەن تۆگىدەك چۆكلىنىپ

قۇرۇق لايدەك تېنىمگىنى سەزدىڭ،
شاتۇتىدەك دۇدۇقلاپ ئوقۇپ
بۇيۇك سۇكۇتنى بەش ئۆتكۈزدۈڭ.
ئاي ھەرپلەردىن ئىچىڭ يورۇپ
قۇياش ھەرپىدە ئالەمنى كەزدىڭ.
مەن بۇگۈن ئۆمرۈڭنىڭ قوم كىتابىدىن
كېكەچلەيمەن ئاشۇ دەملەرنى...

غەملەرنى جىسمىڭدەك تاشلاپ قويۇپ
ئۆتتۈڭ كوچىدىن تەختىراۋاندا.
ئارقىڭدىن ئەگەشكەن ئازغىنا بىر توپ
بىز قەبرىستاندا، سەن كۆك ئاسماندا.

ئىشىك چېكىلدى،
قوشنامدىن ئەنسىرەيمەن.
لىچەك ئۇچىدىن قىزلار چىرايى
غازاڭدەك ئۇچۇپ كەتمىسە دەيمەن.

ماۋزۇدىن باشلانغان ئاياغ تىۋىشى
ئاپئاق قەغەزدە يېقىنلاشماقتا
سۆزدىن سۆزگە، سۇكۇتتىن سۆزگە،
سۆزلەر — ئىسسىقى كەتمىگەن بەدەن.
سۆزگە جان بەرگەن ئەي، تىمتاس كىشى
ساڭا جان بەرگۈچى قىلغۇچە ھىممەت
ياشايسەن ئۆلۈمنى يېڭى شېئىردەك.

ئىشىك چېكىلدى
ئۇشتۇمتۇت
چىقىپ كەتتى قوشنا يۇلتۇزغا

قوشنىنىڭ ئۆيىدە ئوسمانجان ساۋۇت.
كىشىلەر ئىگىسىز قالغان غەپلەتتە،
ئاي بولار قەبرە تاش، يەر شارى تاۋۇت ...

2013 ـ يىل 10 ـ ئاي.

# ئاپرېل كەلمەكتە كۆك پىكاپ ھەيدەپ

يامغۇر يەنە ئەزۋەيلەپ
سۆزلىمەكتە
بىردە ماشىنامغا، بىردە تامغا.
ۋاقىت قانىغان ئاخىرقى چەكتە
باقتىم ئامالسىز ئىككى يانغا.
ئۆيۈمدە ئۇزاق مۇساپىرلىق
كاللام ئۇشتۇمتۇت تورمۇزلىنىپ
ئاپرېل توختىدى بىسىۋالدى غەم.

يامغۇرلۇق كۈنلىرى
ھاياتىمنىڭ يېرىمى نەم.
ئۇيغۇر تىلى يالاڭئاياغ،
يۈگۈرۈپ يۈرەر، شېئىرىم ھەم.
ئىلھامىم سۆزدىن ئېچىلغان چېچەك
ئۆيۈم پېچەتلەنگەن جىمجىتلىق بىلەن.

ۋاقىت كەلمەكتە
بېسىپ شىددەتتە
ئۇنىڭ ماشىنىسى بۇزۇلماس.
مېنىڭ يولۇم تار، قالدىم بىر چەتتە،
ئۇنىڭ شوپۇرى ئالەملەرگە خاس.

2014 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

# دېرىزەمدە ۋىچىرلايدۇ قۇشقاچلار

توختاپتۇ قار
ئېگىز سەپەردىن
مۇشۇ يەرگە كەلگەندە —
ئادەملەر ئالدىراش كېتىۋاتقان،
بىنالار كۆككە يېتىۋاتقان،
بەشىنچى قەۋەتتىكى ئايىسىز كىشى
تۇمان ۋە غەم ـ غۇسسىگە پېتىۋاتقان،
پادىشاھى كۇمۇش تاج كىيىپ
قارلىق تۇپراقتا يېتىۋاتقان...

بۇ شەھەرگە
كەلگەندە قار
توختاپتۇ ئۆزىدىن ئۆزگە رەڭدە.
سۆزىدىن ھاۋانىڭ ئېغىرلىق چاقناپ
ئۆزىدىن بىر ئادەم يىراق كەتكەندە،
كۆزىدىن نەم سەھەرنى تۇغدى قۇشقاچ
بىر توپ ئاق قۇشقاچ دېرىزەمدە.

ئۇشتۇمتۇت سۇكۇتۇڭ
ئۆينى يورۇتقاچ
ئاۋاز زۇلمەتتى قالمىدى مەندە.

بارلىقىمىز سېنىڭ ئاۋازىڭ
يەرگە چېچىلغان ئەكس سادا بىز
قۇشقاچلار ۋىچىرلىغان تاڭ سەھەردە.

2013 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# نورۇز ئېيىدا خۇدۇكسىرىگۈچى

قولىنىڭ ئۇچى
ئۆزگە پەسىلنى كۆرسەتتى بىزگە
دەرەخلەر ئەمدىلا يانغان كۆك چىراغ.
پەلەمپەيلەردىن چىقتۇق ئېگىزگە،
ئەڭ ئېگىز بىنا ئاسمانغۇ بىراق؟

بىز كېلىۋاتقان يولنىڭ بىر ئۇچى
يەنە بىر ئۇچىدا ھەممە نەرسە ئىز.
سەن چېكىدىن ئاشقان يولۇچى
مەن لايغەزەل، ماڭمىغۇچى تېز.

ئاڭ بىر ئەينەك
قورقساڭ ئەگەر
ھەممە نەرسە ئۇنىڭ شولىسى
قورقۇتقۇچى يۈگۈرۈپ كېلەر.

نورۇز ئېيىدا،
دوستۇمنىڭ ماڭا قۇيغان چېيىدا
قورقۇنچىنىڭ رەڭگىنى كۆردۈم.
توختىماستىن قاچار ئېڭىمدا
قاچقان جايدا ساقلايدۇ ئۆلۈم.

2013 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

# مەنزىرە سىرتىدىكى مەن

بىر ىلگەن
سۇس كۆك رەڭ
ئالدىمدىكى ئارالغا.

قالپاقلىق ئىشچىلار يەر كولاۋاتقان
سايىلىرى ئۇل سالار تامغا،
دۆۋىلەكلىك شېغىل بىر يانغا.

قولۇم، يۈزۈم، لەۋلىرىم بىلەن
ئۇچراپ قالدىم ئىسسىق شامالغا،
كۆزۈم چۈشمەي تۇرۇپ ئايالغا.

سۇدىن چوقچىيىپ چىققان قورام تاش
يېرىمى قۇش، يېرىمى دولقۇن،
تۇخۇملىرى ئۇششاق قۇم.

تېشىمدىكى ئەي ئادىل
ئىچىمدىكى مۇساپىر
ھەممە يەردە سەندۇرمەن.

ئەگەر ئۆتۈپ مەنزىرىدىن
چىقىپ كەتتىم تاكسى بىلەن،
قومۇشتەك بىغەم.

2013 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

# ئىسسىق بولكا

تېگەر قولغا
ئىسسىق سەھەر
پەنجىرىنىڭ سىم تورلىرىدىن.
يۈزىنى يۈزۈمگە ياققان ئادەم — يەل
يۇت بارماقلىرىم يورۇدى نۇردىن.
چاچلىرىم ئويغاندى قالايمىقان سەل،
سايەم سۆرۈلۈپ ئۆتتى چوڭ يولدىن
مەسچىتتىن باشلاپ ئويغانغان شەھەر.

بولكىخانىغا كىرسەڭ ئەگەر
گىردە يوق،
مۇزدەك غېرىبلىقنى يەنە ئالدۇق.
ھور چىقىپ تۇرغان بولكىغا قوشۇپ
يەيمىز يېتىمدەك ئۇشتۇپ ـ ئۇشتۇپ،
ۋەتەندىكى تەمگە ئوخشىتىپ.

بىر مۇساپىر ناشتا قىلدى،
قوپتى ئاندىن داستىخاندىن
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ.
بىر توپ ئادەم ئۆزىگە قىلدى
سايىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ.

بىر تۇپ خورما نېمە ئىش قىلدى؟
زەڭگەر دېڭىزنىڭ قىش پەسلىدىن
مېھمانخانا ئالدىغا كېلىپ.

2013 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

# ئەڭ چوڭ يۈك ماشىنىسى

ساقاللىق كىشى
توختاتتى سەۋزە رەڭ
دىۋىدەك ماشىنىنى.
بىر قولى يانفوننى ياققان قۇلاققا،
بىر قولى بەش قارىغۇ قاراپ تۇرماقتا،
پۈتتۈمنى ئەپقاچتىم، بەھەيۋەت چاقتىن
ئۈشتۈمتۈت خاتىرجەملىك بۇزۇلماقتا،
تەشۋىشلەر قىستاپ كېلىپ ھەر ياقتىن.
سۆزلەر رېزىنكە پۈرىماقتا
قەلەم تۇتقان قولۇمنى تارتتىم.

چىقتى شوپۇر
دەججالنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن،
سول قۇلىقىدا تۇكلۇك ئاپتاپ.
قورقىمەن جانسىزنىڭ تۇرغان تۇرقىدىن،
قورقىمەن لاي تام قوپسا ئۈيقۇدىن،
قورقىمەن بىر ئادەم كەتسە چىقىپ
تۇندىكى جىپنىڭ يورۇقىدىن.
كۆل رەڭ چاشقاندەك كۇنلەر ئارا
قورقىمەن ھەر ئىشنىڭ قۇيرۇقىدىن.
ھاياتىم ئېچىلماقتا بارا - بارا
قورقىمەن يات گۇلدەك پۇرىقىدىن...

كۆكى تەكشى تارقالغان ئاسمان،
يۇكى نورمىدىن ئارتۇق ماشىنا.
ئەي كىشى، ئۇھ تارتقان، ئېغىر غەم ئارتقان
توختات كاللاڭنى چىقار كاشىلا.

نەقەدەر ئەپچىل ياسالغان تەن!
نەقەدەر ئەپلىك مېڭىش، تۇرۇش ھەم.
ئۆزۈم ھەيدەۋاتقان ماشىنا ئىدىم،
ئۇشتۇمتۇت يول خاتا، باسار ئەمدى غەم.

2013 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

# بوۋام قۇرت يېگەن ئالما يەيتتى

بۇنى ئويلىسامىلا،
يۈرىكىمنى قۇرت يەيدۇ،
مېنىڭ يۈرىكىم — قۇرت يېگەن ئالما.

بوۋام قۇرت يېگەن ئالما يەيتتى،
ئاق ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ.
«تاشلىساق يامان بولىدۇ» دەيتتى،
قۇرتلىغان يەرىنىلا تاشلايتتى ئويۇپ.
زېدە ئالمىنى ئۆزى يەيتتى،
ساقلىرىنى بىزگە قويۇپ.
بىز ئۇنىمىساق مۇنداق دەيتتى:
— قۇرت يېگەن ئالما تاتلىق بولىدۇ،
تاتلىق بولمىسا قۇرت يېمەيتتى.

ئالمىنى باغ دەپ ئويلاۋاتىمەن،
بىر تال ئالمىدەك يەرگە چۈشتۈم.
بىر تۈپ ئالمىنى ئويلاۋاتىمەن،
ئالما بويلۇق قىزچاقتا چۈشۈم.
بىرمۇنچە ئالمىنى ئويلاۋاتىمەن،
قۇرت يېگەن ئالمىدۇر چۈشۈم.
مەن قىپقىزىل ئويلاۋاتىمەن،
سېمونت يولغا ئېقىپ چۈشتۈم.

بوۋام ياشايدۇ قوۋم بويىدا،
بىر پارچە يېرى بار قوۋياشتىن قالغان.
ياشايدۇ جەننەتتەك باغلىق هويلىدا،
بىر توپ تاشئالمىسى تاشتىن قالغان.
كونا بىر مەسچىت بار يول بويىدا
«نېمىشقا ناماز ئوقۇيمىز؟» دېسەم،
«ئادەم دېگەن گوناهكار، بالام،
ناماز گوناهنى يەيدۇ» دەيتتى.
مەسچىتكە كېتىۋېتىپ مېنىڭ بوۋام
ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سالام بېرەتتى.
«ياتقىمۇ سالام قىلامسەن؟ دېسەم،
هەممىمىز بىر ئادەمنىڭ بالىسى دەيتتى».
ئادەم ئاتىنىمۇ بىلىدۇ بوۋام
مېنىڭ كۆرمىگەنگە يەتمەيدۇ كاللام.
چۈنكى مەن بارنىمۇ تەستە كۆرىمەن،
بىلمەيمەن هەتتا پەس قوشنام كىم.
ئاسماننى قەۋەتلىك دەپ بىلسەممۇ
بىنانى بىز سالغان، ئاسماننى هېچكىم.
ئاسمان ئىگىسىز، باشباشتاق بىز،
چىتلىقى بۇزۇلغان باغدۇر، خوتۇن ـ قىز.
ئۆزىمىزنىڭكىنى يەپ بولۇپ تويماي
قىلىشقا تەييار بىز ئوغرىلىق تىنماي.

بوۋام سۆزلەيتتى ئالما سويغاچ،
بۇزۇقچىلىق ئادىتى بولغاچ

قۇم ياغقان بىر شەھەر توغرۇلۇق.
بوشلۇققا قارىسام قالىمەن قورقۇپ
چۈنكى شەھەرنىڭ ئۈستى ئوچۇق...

2010 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

# توردىكى بېلىق

— ئابابەكرى مۇختەرگە

گۇگۇم ئۆيۈمگە نېمە دەپ كەلدى؟
ئىسمى ئىككى گۇل قېتى بىلەن.
گۇل ھىدلىق سۆزلەر غەم ئەكەلدى،
كۇندۇزنىڭ يىرتىلغان ئاق بېتى بىلەن.

ئۆتۈك پۇتۇمنى قىستاۋاتاتتى،
سۇكۇت تىلىمنى قىستاۋاتاتتى.
ئايلاندۇرغىلى يات كىشىگە
تۇرمۇش قىستايتتى يان ئىشىككە.
سەن كەلگەندە
ھايات قەسىدە
بىر جۇپ مىسرا ھاسا تايىقىمىڭ.
سەن كەلگەندە دولقۇن ئەۋجىدە
بېلىق قۇيرۇقى ئىككى ئايىغىمىڭ.

بۇرۇلۇش يىللىرىدا
ياز بۇرۇلدى،
يېشىل چىراغدىن.
مېڭىش ساڭا ئارتۇق تۇيۇلدى،
ماشىنىڭ دۇلدۇل كىشنەر يىراقتىن.
گۇگۇمۇڭ تىمتاس نۇردا يۇيۇلدى،
سەن يۇزلەنگەن مۇقەددەس ياقتىن.

ئۈچىنچى قىرغاقتىن
بىر دېڭىز ئاچتىڭ،
توردىكى ئادەملەر ئىزدەر نېمىنى؟
يىتكەن ئۆزىنى، دىل سىرىنى،
سۆز سويۇلغان، ئىسسىق تېرىنى،
كۆز ئويۇلغان، ئەما تېنىنى،
يول قويۇلغان جىمى سۆكۈتكە،
ئۇلار بېلىق،
تورغا چىقىپ
دوغا تېكىپ قويغان جېنىنى.

بىر يىگىت
مەنە ئىزدەپ
ھەرپلەردىن دېڭىزغا چۈشتى.
ئامىتى دولقۇن، كۆك ئاسمان ئۈستى،
بېشى ئالەم، ئاچماق قۇيرۇقى.
ئىدىيەسى يۇيۇلمىغان تاش،
تەنھالىقى — ئېكران يورۇقى.

ئەي، ھەممەتلىك ياش
سەندە بېلىقچىنىڭ كۆز ئۇچى.
ئۇندەرىمە نېمىدۇر ياشاش؟
ئۇلجا ئالار ھەممىنى ئاخىر
ۋاقىت تورىنى يېيىپ قويغۇچى.

2014 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

# يېڭى ئاسمان

## 1

ئۇيغۇر تىلىدىن يولغا چىقتىم،
چىقتىم سۆزدىن پىنھان مەنىگە؛
بانان ئىسمىنى كۆتۈرگەندەك جىم
ئېغىر تېنىم.
قاراڭغۇ تونېلدىن ماڭدىم كەبىگە،
تۆت پۈتلۈق شېئىر مىنىۋالغىنىم.

## 2

ئاسمان ئاستىدا
ئاسماندىن چۈشكەن بىر گۈل سايىسى.
يورۇۋاتقان ئەخلەت يېنىدا
تازىلىغۇچى
قويۇپ كەتكەن ھېلىلا
ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش قوللانمىسى.

ئايال — ئاغزى ئوچۇق سەدەپ قۇتا،
ئەتىر شىشىسىدەك پەم بىلەن تۇت.
قولۇڭدىن چۈشۈپ كەتسە ئۈشتۈمتۇت،
قىممىتى يوق مەڭگۈلۈك پۈچۈق.

ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش قوللانمىسىدا
مۇنداق يېزىلغان:

«جەرىمانە ئېلىنار، ئايرىماستىن
ئەخلەتنى پوملاپ تاشلىسا كىم.»

ئاسماندىن چۈشكەن سۆز نۇرىدا
ئۆز بېشىمچە ماڭغان بىر كىشى
بېشى ئەخلەتكە تولغان پېتىشى[1]
دۇنياغا تاشلىنىش ـــ كېلىپ ـ كېتىشى.

## 3

بىر خالتا ئەخلەتنى
ساڭگىلىتىپ
كېتىۋاتىمەن ئاپتاپتا.
سايەمنىڭ سايىسى ئالدىرىتىپ
بانان يېزىلغان تەن كىتابتا
چاقىرار مەنگە مېنى شۇ تاپتا.

## 4

بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېشىل خىيالى
هاياتىم ئۇنىڭ ئاستىدا.
ئەخلەت ساندۇقى ئۈستىدە
باشلانغان تەننىڭ زاۋالى،
يېڭى ئاسمان ئۇنىڭ ئۈستىدە.

2014 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

---

[1] پېتىشى ـــ لىپمۇلىق.

# يازنى كېسىپ ئۆتۈش

بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىدا
دەرەخلەر كىچىك كۆن نۇرىدا،
ئوغلۇم ئىمران
پەيدا بولدى مايكىچان
ئۆزى ياخشى كۆرگەن كوچىدا.

سامسىپەز جىلتا ئاچتى
قولى قىيمىدا،
يولى قىيما ـ چىيما يولۇچىدا.
دوغاپچى قوچۇيدۇ مۇز پارچىسىنى
قىشنىڭ قالدۇق تەمى تىل ئۇچىدا.

باققالنىڭ ئالمىسى موسۇلداپ قالغان،
غالتىكى توختىغان يول ئۇچىدا.
ساتىراش،
ئۆلۈمدىن كەچۇرۇم قىلىنغانلارنىڭ
بېشىنى رۇسلىماقتا قول ئۇچىدا.

مىلىچمال دۇكىنىدا ھەممە نېمە،
دادىدىن باشقىسى سېتىلىدۇ.
يىرتىق ئىشتاندىن چىققان ۋەھىمە
ھەر كىمگە قارىقويۇق چېپىلىدۇ.

كوچىدىن
رىزقى تۈگىمىگەن بىر سايە قاچتى
دەرەخ شاخلىرى ئاسماننى ئاچتى،
ئادەم مېۋىسىنى تاپالايدۇ.
ئوغلۇم سامادىكى كىتابنى ئاچتى
ئالەمنىڭ ئىگىسىنى تاپالايدۇ...

يازنى كېسىپ ئۆتكىنىمدە
ھال رەڭ يامغۇرنى كۆردۈم.

2014 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# كېچە يۈزۈمگە سۈركەلگەن قارا

## 1

كېچىنىڭ ئوچۇق ئىشىكى
سۇ ئېقىپ كىردى ئۆيىقۇمغا توپتوز.
ئېچىلغان گۈل مەن جايىنامازدىكى
سۈركەلمەكتە يۈزۈمگە بىر يۈز.

## 2

ياز ئۆجمە دەرىخىنى چالدى،
شامال مەجنۇنتالنى قولىغا ئالدى.
ئەي بىزنى ياسىغان بۈيۈك سازەندە
ياسالمىغان داپ قالدى تېرىمىزدە.

## 3

تېنىمنى سۆرەپ ماڭغان چۈمۈلە
ئىسمىڭ نېمە ئاياللار قويغان؟
يۈزۈمگە ئۆلۈمنى يازغان چۈمۈلە
سەن روھىمنى پۈراۋاتقاندا
تەن توپىغا ئايلىنىپ بولغان.

## 4

يىگىنىنىڭ ئۇچى سۇنماس،
ئايالنى مەڭگۇ ياماپ بولماس.
يىگىنە بىزنى ئۆتكەندە تېشىپ
تارىخ — قارا يىپ.
ئەي، جان يىپىمنى تارتقۇچى
ئاغرىتمۇەتتى يىگىنەڭنىڭ ئۇچى!

## 5

ئەخلەت ماشىنىسى
چىرقىراق ئاۋازدا
توشۇماقتا مەينەت سەھەرنى.
ئۇنىڭ يېنىدىكى سۇكۇتلۇك يەردە
ئايغا تېگىپ تۇرغان قۇرۇلۇش
بۇرىماقتا ئەزان تولغان شەھەرنى
ئەبەدىيلىك دەقىقىلەرگە.

## 6

شېئىر يېزىۋاتقان ئادەم
جىمجىتلىقنىڭ ئىچىنى كۆردى:
خۇدا، يىگىنە، كۇن تۆشۇك ئالەم.

2014 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنى.

## تېشلگەن قاڭشار

ئىزدەيمىز ئۆمۈرنى،
بالىلىرىمىزغا ئاتاپ قويغان
قۇش تۇخۇمىدەك نازۇك دەملەردىن.
ئاسماندىن چۈشۈۋاتسا كۆكۈل تۇيغان
ئۈچى ئۇچلۇق تىك غەملەردىن.
ئېھسانىم ئەتىگەندە مەۋجۇت بولغان،
تىكىلىپ تۇرغان كۆز بار يەردىن.

سۆپۈرگىنىڭ ئۆلۈمى
تۇيۇقسىز تىرىلدۈردى
داتلاشقان تۆمۈرنى،
ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدە.

ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدە
ئوغلۇمغا ئائىت تۆمۈر يوقتەك.
ئاسماندىكىلەر سىزغان خەرىتە،
بار ئېغىر دەقىقە، ئۆمۈر يوقتەك.

مەن ئۇشتۇمتۇت بىر قارا قورساق
قارشى قاپاقنى تىكىپ سۆكۈشكە،
چۈنكى يېپىسىز تىككۈچى بار دەپ
ئىنسان تۇغۇلغاندا تېرىنى،
يۆگەيدىغان ئىگىسى بار دەپ
يىرتىلغاندا ئاسمان سىرىنى.

يود ئارىلاش ئامالسىزلىق،
كۆز ئارىلاش تۆشۈك قاڭشار.
قان ئارىلاش قۇرغاق رېئاللىق،
ئادەم بىردەمدە نەچچە رەت ياشار؟

تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن
ئوغلۇمنى ئېلىپ كېتىپ قالدىم
دوختۇرمۇ بىر كۈنى قالىدۇ ئۆلۈپ.
مەن تېرەمنىڭ كەينىدە ئىدىم،
مېنى كۆرگەنلەر مېنى كۆرمىدى
سېنىڭ بارلىقىڭنى قالىدۇ كۆرۈپ.

2014 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

## بۇ يوللاردا مېڭىش تەس بولدى

سۇ تولدى،
پەرىلەر تۇتقان ساپال كوزىغا.
ماشىنام يامغۇردا غايىب بولدى،
قىستايمەن ئۆزۈمنى يول بويىغا.

قورقۇپ توختىغان مەجنۇنتال
يېشىل چاچلىرىدا بار ئىدى رومال.
ياز توختىدى يوپۇرماقلاردا
يىلتىزسىز دەرەخ مەن، قورشىغان شامال.

چېچەكتىن توزۇغانلار نەدە ئىدى؟
ھەسرەت ئۆلارنىڭ قالدۇرغان ھىدى.
يولدا مېڭىش تەس، ئاسمان بىزگە پەس،
ئاسمانغا كەتكەنلەر بۇلۇتمىدى؟

ئەينەن تەرجىمە ــ گىلەمنىڭ كەينى،
بىر تىل بىز چۈمۈلىدىن ئادەمگىچە.
تاشلىدىم شېئىرغا بىر تال پەينى،
ئاڭلىغۇچى بار ئالەمگىچە.

2014 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

# جىنلىرىم بىلەن يىغىندا ئىدىم

ھىندىڭ
تارقالماقتا ئادەم يوق ئۆيدە.
ئالمىنى خۇشبۇي قىلغان سەن ئىدىڭ،
ئالما بار تەخسىدىن تەكچىگىچە؛
تەكچىدىكى ئۇچ چىچى بار جىن
چىقىپ تارغاقنىڭ سۇنۇق چىشىدىن
قار پۇرىقىنى پۇرىغىچە،
ئاق مەرمەردىكى جىمجىتلىقتىن.

يۇگۇرۇپ چىقتىم
تېلېفون جىرىڭلىغاندا،
قۇلىقىم بىكار ئەمەس ئىدى.
ئىككى ئەسلىمىنىڭ بىرى قاندا،
شەھۋەت قۇش پۇتىدا كەلگەنمىدى؟
ياتقاندا يوتقاندا،
تېنىم سوزۇلۇپ.

كۆزۈڭدە ئىككى پاي ئوق،
سۆزۈڭدە ماڭا بىر تالمۇ گۇل يوق -
ئۇيغۇر تىلىدا ھال رەڭ ئىچىلغان.

پىكرىم چېچىلغان،
كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىلىرى ئېگىز - پەس،

پات - پات ئۆزۈمنى يوقاتقان هالدا
بۆلۈك - بۆلۈكدىن ئىزدەيمەن دالدا.

جىنلىرىم بىلەن يىغىندا ئىدىم
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك
ھەممىنىڭ غوجىسى ساڭا سالام دەپ.

2014 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

# شېئىرىيەت مۇكاپاتى

## 1

چوغدەك سۆز ئۇرۇقى
پۈتۈن ئۆمرۈمدىن تۆتەپ چىققۇچە،
ياكى بىرنەچچە نان كۈچۈكى
مۇنبەردىن ئورنۇمغا كۆز تىككۈچە
شېئىرنىڭ ئالتۇن تاجى بېشىمدا
سەلتەنەت سۈردۈم ئۇيغۇر تىلىدا.

## 2

مايسا رەڭ ۋەھىمە
كوچىدىن تارقالدى ئۆيگە،
كۈندۈزدىن قاراڭغۇ قەلب رەڭگىگە،
شەبنەم تولغان كېچە بەرگىگە.
مەن
قورققان هالدا ئاقمۇقېتىمدىن
ئىزدەپ دالدا ھەربىر خېتىمدىن
ئاستا، ئاز - ئاز ئۆلدۈم جىم - جىملا.
مەڭگۈلۈك بىلەن پاناھسىزلىقنى،
گۈزەللىك بىلەن تىراگېدىيەنى،
بىرلەشتۈرمەك بولدۇم شېئىردا.

### 3

ئاسمان ئۆزىنى كۆرۈۋاتاتتى،
كۆرۈندى تۈيۈقسىز نۇر چاچقان يۈز.
قەغەزگە قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى
چىراغ ياقتىم ئۇنىڭ ئىسمىدا
يورۇپ كەتتى شۇئان ھەممە سۆز.

### 4

يالپۇز — يازنىڭ قەدەم تىۋىشى،
ئېرىق بويلىرى توشتى كۇتۇشكە.
ياز كېچىكتى،
قەلىمىم قۇرۇق شاخ، سۆز چېچەكى.
كېچىكتى كىتابخان باشقا تىلدىكى
ئۇيغۇر تىلىدا مەن كۆرگەن چۈشكە.

سىمۋول بىر مىللەتتىكى
پارتلاپ چىققى ھاياتىي كۈچتە.

### 5

ئادىل تۇنىياز
بىر ئىسىم ئەمەس
بىر ئېقىن سۇدەك تۈگىمەس جۈملە،

ئۇنىڭ ئىگىسى ئۆزى ئەمەس،
ئۇنىڭ مەنىسى ئاقار كۈندە.

2014 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

# قىيپاش ئۇچقان قارلىغاچ

بىر مىسرانىڭ ئۇستىدىن
يانتۇ ئۇچتى قارلىغاچ،
شۇ مىسرادا كېتىۋاتاتتۇق،
تۆگىلەرنىڭ كۇندۇزدىكى چۇشىدىن
ياپيېشىل تاغ باغرىغا، ماشىنامىنىڭ ئالدىغا
چۇشۇۋاتقان چۇش ۋاقتىغا قارىغاچ.

ۋاقىت يىرتىلغان
پارچە - پارچە،
پارچە - پارچە.
بۇگۈن — بىز كىيگەن، تار كەلگەن كىيىم،
ئىچ ئەستىرى يىرتىلغان.
گىلەمدىكى تىڭشىغۇچقا سۇكۇت، يىڭنە چېچىلغان.

ئىشىك دېگەن خىيالدۇر تاملار ئۆزى ئېچىلغان.
ۋاقىت دېگەن خىيالدۇر
قايتتى ئاق تاشلار
ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىدىن
پەشتاققا...

قارىساق تاغقا،
يانباغرىدا قۇياشنىڭ ئېگىلىشى.
قارىساق ئاشپۇزۇل ئېچىلغان ياققا
بىر دۆۋە ئەخلەتتە خوراز بېشى.

توخۇ قورداقنىڭ ئاچچىق پۇرىقىدىن
ئاغزىغا سېرىق سۇ جۇغلاشقان كىشى،
چۈشتىن كېيىننى تېگىشىۋەتتى
قاناتلىرى سالپايغان غېرىبلىققا،
غېرىبلىقنىڭ بىر توخۇمىغا.

گۇگۇمغا
قىيپاش ئۇچتى،
قارا كۆزۈڭدىن چىققان قارلىغاچ.
مەندىكى ساڭا كۆزۈم چۈشتى
ئۆزۈمنى يوقاتتىم ساڭا قارىغاچ،
بىر ماشىنا مېڭىپ كەتتى
ئويغانمايلا قىزغۇچ ئۇيقۇدىن.
مېڭىش مۆجىزە
ئوڭ پۇتۇمنى كۆتۈرسەم يەردىن
سول مېڭەمدە سەن قۇرغان تەختىڭ —
كۆك ئاسماندۇر.
ھەممە نەرسەم ھاۋادىن ئېغىر
ئاسماننى كۆتۈرۈش ساڭا ئاساندۇر...

پەس ئۇچقان قارلىغاچقا سەپسالغاچ
يامغۇر ھىدىنى پۇراۋاتىمەن
مەندە مېڭىۋاتقان قەدىمىڭ جاندۇر...

2014 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.

# سەپەردىكى ئۆچ دوست

ھېلى كۆرگەن ئادەم ھېلى يوق.
بازاردا
ئۇشتۇمتۇت
ياغلىقنىڭ گۈلى
ياز پەسلىنى كۆرستىۋاتقاندا،
ياكى بىر ئادەم يورۇغان كۈنى
ئۆيدىكى تۆت چاسا كىچىك ئاسماندا،
سۇۋەرەك بۇرۇتىنى لىكىلدىتىپ
جۇمەك تامچە - تامچە قانىغاندا.
كۆزى يوق شامال
قارا خالتىغا قارىغاندا
چوڭ كوچىدا بىزنى ئىتتىرىپ...

ئۇچەيلەن سەپەرگە چىقتى
خورجۇنىغا جەنۇبنى سېلىپ.
مەن ئۇلارنىڭ بالىلىق دوستى،
يىلتىزسىز دەرەختەك ئالدىغا كېلىپ
مېۋەمنى سۇنسام ياز مېنى توستى.

ئادىل تۇنىياز قىزىلگۈلنى ياز،
ھەمدۇللا پېرسوناژ،
ئەزرائىل يازغان رومان ئىچىدە.
ئەسقەر ئېھتىياتچان پىشقان كىتابخان
ئاسمان كىتابىنى كۆرەر كېچىدە.

ھەر ئىنسان ئىزدەيدۇ يىتكەن ئۆزىنى
قەدىمىي ھاياتنىڭ يېڭى بېتىدە.
(نەدىن ئاڭلايمىز ئاسمان سۆزىنى).

مەنە ئولتۇرار
غۇلىماس تەختتە،
سۆزلەر چۆرىدەپ ئۆرە تۇرار
ئاڭلىغۇچى يىراق بەختتە.

ئۇنتۇغاق ئۈچ بالا يىل سەپىرىدە،
بىر شائىر چوڭ بولدى تىل سەپىرىدە.
باش ئامانەت، يىتمەس بىر تال چاچ
قىيامەتكىچە قىل سەپىرىدە.

2014 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

# دېڭىز دېلفىنى

سۇنىڭ تېلېفونى
جىرىڭلىماقتا،
جىرىڭلىماقتا خاتا ئۇرغاندەك.
ئۇنى ئالغۇچى دېڭىز دېلفىنى،
ئۇنى كۆرگۈچى بىز ئىككى ياقتا ــ
سۇ باغچىسىنىڭ مىغ ـ مىغ مېھمىنى.

بىر دەملىك كۆرۈنۈش ــ ئويۇن ـ تاماشا
بىز كۈتۈۋاتقان مەڭگۈلۈك قېنى؟
يېقىنلاشماقتا ئاستا ـ ئاستا،
ئايال ــ تۇرمۇشنىڭ ئاق يەلكىنى.

مەن سۆغا سىزغان تۆت ئوغلۇم بىلەن،
ئەينەكلىرىگە دېڭىزنىڭ سۇنغان
قارىغانسېرى كۆرۈنەر ئېۋەن.
قارىغانسېرى ئىنسان ئۇنتۇلغان
مۇقەددەسلىك كۆز يەتمەس، تېرەن.

دېڭىز مەندە مەۋج ئۇراتتى،
پىلتىڭلاپ تۇراتتى
مېنىڭ قۇيرۇقۇم
ئاياللار ساھىلىدا چاقناۋاتقان قۇم.

ئۆلۈم ــ يەمچۈك بىزگە تاشلانغان،
شۇڭغۇپ كېتەرمىز دېلفىندەك چوقۇم.

ئاسمان يېزىلغان سۇ ۋاراقلىرى،
ئاچسام ئەكسىم چاقنار دېڭىزدا.
تۇيۇقسىز مېنى بىرى ۋاراقلىدى،
سۇنىڭ سوزۇلغان تەلەپپۇزىدا.

2014 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.

# گۈگۈمغا كىرىپ

ھېرىپ
ئاق گۈلدەك كۆندۈزگە كىرىپ
ئادەملەر شەبنەمدەك چۈشتى سىيرىلىپ
يىلتىزىغا ئۆي دەپ ئاتالغان.

قالغان ئىشنىڭ قۇيرۇقى
ئىشخانا يورۇقى.
تاماكا چوغىدەك ئۆچۈۋاتقان ئەر،
ئۆزىنى پۈراۋاتقان ئايال پۇرىقى.

شامال گېزىت ئوقۇۋاتاتتى
ئىگىلەپ باغچىدىكى بوش ئورۇندۇقنى.

كوچىدا قۇياشنىڭ ئىزى قىزىل،
پۈتۈننىڭ ئۈچىدا ھۇجراڭغا كىر.
سېنى ھەجىلىگەن جىمجىتلىقتا
دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭ سىر.

سەن ئەمەس،
باشقا بىرى.
ساڭا مالائىك قىلىدۇ ھەۋەس،
سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەم مەنىسى.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

# بىر ـ بىرىمىزگە كۆلۈپ قارايلى

ئەگەر خۇدۇكىمىز بولمىسا
سۇنىڭ ئەينىكىگە قارىساق
كىرپىكىمىز چىم، ئاق يۇزىمىز ئاق.

بىر چوكان ئەرمەك ئىتنى ئەگەشتۇرۇپ
قۇياشقا قارىدى قاپىقى تۇرۇك.

گۇل ياغماقتا ئۇيغۇر تىلىدا
بىر بوۋاي كىرپىكىدە تىرىۋالدى.
شېئىرىم گۇل بەرگىدەك تۆكۈلگەندە
بىر قىزچاق گۇلدىن كېپىش كىيىۋالدى.
بىر ئوغرى يانچۇقىغا سېلىۋالدى،
بىر ساقچى ئۆرنەكلىك ئېلىۋالدى.
بىر چىنار ئالىقىنىنى ئېچىپ ئېگىز،
قۇياشنى ئۆز گۇلى قىلىۋالدى.

سۇر باسىدۇ يالغۇز ماڭغاندا
ئادەم ئۇچرىمىسا تەكلىماكاندا.

تۇپراققا قارىسام ئاتام ئادەم
يۇزىدە نېمىدېگەن كۆپ قورۇقى.
هاۋانى پۇرىسام هاۋا ئانام هەم
جېنىمغا جان تونۇش پۇرىقى،

ئاسماندا بىر كىتاب ئوقۇيلى تەڭ
چۇشەنسەك چېھرىمىزدە مېھىر يورۇقى.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

# يامغۇر قەپەسى

كوچىلار ـــ ھۆل شېئىرنىڭ مىسرالىرى.

گۈلنىڭ يۈزى ھۆل، كۆلنىڭ يۈزى كۆك،
قاتتىق يەرلەرنىڭ تېرىسى زېدە.
پەرىلەر! توي بولدى غۇنچە ـ مارجان تۆك!
پەيلىرى يېشىل دەرەخلەر پالاقلار قەپەسىدە.

قولۇمنى چىقاردىم رامدىن
نەم تۇيغۇنى تۇتۇۋالدىم.
كۈمۈش يىپنى ساڭگىلىتىپ بىر تالدىن
يىرتىق ئاسماننى ياماپ بولغان كىم؟

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

# كوچىنىڭ ئايلانمىسىدا

بىر يېشىل يوپۇرماق
سارغايدى،
قارىسام ماشىنامدىن.
ئاندىن
قىزىل يوپۇرماق ياندى.

كوچىنىڭ ئايلانمىسىدا
مېۋىسى قىزارغان ۋاقىت دەرىخى.

ئاسماننىڭ ئايلانمىسىدا
قىزىل قۇياش بىر ئۆچۈپ چاقنار،
توختىغان ماڭار، ماڭغانلار توختار.

2014 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

# يېشىل كارتا

مارتتا
بىز بەلكى كۆرۈشەلمەيمىز
يېشىل رەڭ ئىچكەن ئىككى شامالدەك.

باغدىكى جىمجىتلىقتا
سارغۇچ يېشىللىق قاراپ تۇرغاندەك،
پۇتلىرى سېرىق قۇش لاي پېتىقتا
ئۆزىگە ناتونۇش ئىز قالدۇرغاندەك.

جىرىڭلايتتى تېلېفون ئەنسىز.

غەمسىز شاخلار قول پۇلاڭلىتىپ
سەھەردىن مېنى كەچكە ئۇزاتتى.
شەھەردىن قۇياش قالدى كېتىپ،
روجەكلەر سوغۇق قاراپ تۇراتتى.

مەن سۆزۈمنى تەكرار تەكشۈرۈپ
سالدىم شېئىرنى،ساندۇقۇم — ئەينەك.

مەن ئۆزۈمنى تەستە كۆتۈرۈپ
قويدۇم هاياتقا چىپىلداپ تەرلەپ.

يامغۇرنىڭ ئەڭ ئىچىدە
نۇردەك تەنها ئۆزۈم،

سۆزلەر پارچە ـ پارچە، تامچە يۇزۇم
چىقتىم تار كوچىغا كەڭ مىسرادىن.

دەرەخلەر يېشىل كارتا كۆتۈرۈپ
كېتىۋاتاتتى يىراق يازغا.
ئاسماندىن بىرى تۇراتتى كۈلۈپ
شامالنىڭ قولللىرى تەگدى سازغا.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# يېرىم كوچا

كوچىنىڭ بېشى يېرىم شېئىردا.

قوغۇن شاپىقىدىكى بىر توپ كىشى
قاناتلىرىنى سۇزۇك سىلكىشىپ
ئىسسىپ كەتتۇق دەپ ۋايساۋاتقاندا،
يورۇدى پۇچۇق تامدا
تېرەكلەر يول بېرىۋاتقان
سايىلىرى رول ئېلىۋاتقان
قەدىمىي رىم تىياتىرخانىسى.

ئابلاجان ناۋاي
قىزىغان تونۇرغا بېشىنى تىقتى،
ئېقىپ چۈشكەن خېمىر ھىلال ئاي،
قۇياش بولۇپ پىشقان نان چىقتى.

ساتىراشخانا ئىشىكى
قىزغۇچ ئېچىلغان چىڭقى چۈشكە،
بوينى چىگىلگەن بىرنەچچە باش
باشلىدى نائىلاج كۈتۈشكە.

باشلىدى بىر چىۋىن دوغ ئىچىشكە
دوغچى ماڭا سۇنغان چىنىدە،

شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچىلىك بىزەڭ
مېنى مەجبۇرلايتتى ۋاز كېچىشكە.

باققال پىشىپ كەتكەن
لىق بىر هارۋا تاۋۇزى بىلەن.
تاۋۇز ئۇرۇقى كۆرسەتكەن —
مەڭگۈلۈك سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئىگەم.

كاۋاپداندا
بىر يۈرەكنىڭ ناخشىسى
بىر بۆرەكنىڭ هېكايىسى.
ئىشتىهاسى قوزغالغان شائىر
خۇرۇج قوشتى شېئىرغا ئاخىر.

كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا
توختىغان ساقچى ماشىنىسى
لىپىلداۋاتقان قىزىل نۇرىدا
قىزىلگۈلگە ئايلىنىۋاتاتتى.

ئايلىنىۋاتاتتى دەرەخلەرنى ياز،
بىر تۈپ كۆچەت ئارقىغا قايتتى.
تونۇردىن ئەمدىلا چىققان نان
قاراسلاپ سۇردى زۇۋان.

پارقىراپ ساتىراشنىڭ تاقىر بېشى
ئاڭلاندى بىر تال چاچنىڭ تىۋىشى.

تاۋۇز يۇمىلىنىپ قېچىپ كەتتى،
ئۇرۇقى يوقنى كۆرسىتەتتى.

كاۋاپ تەملىك كۆيگەن سۆز بىلەن
شېئىرنى ئوقۇغان قارا·كۆز بىلەن
نەزەر سالدىم يېرىم كوچىغا.

كوچىنىڭ يېرىمى ئاسمانغا تۇتاش،
قارىماقتا ھەر يولۇچىغا
ئالەملەرنىڭ ساقچىسى قۇياش.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

# مەن چەت ئەلدىكى كۈنلەردە

تۈنلەردە
ھىلال ئاي
نېپىز شايى ياغلىقنى ئارتىپ
دېرىزەمدىن بېقىپ خۇش چىراي
مېنى ئۇيقۇدىن چىقاتتى تارتىپ.

كۈندۈزدە
تونۇشۇم — غېرىبلىق تالا - تۈزدە،
سالام قىلاتتى دوپپىلىق قۇياش.

كېچە - كۈندۈزنى ئالماشتۇرغۇچى
ماڭا يېقىنلىقتا جان بىلەن تەن،
كىرپىكلىرىمدە قورشالغان ۋەتەن.

2014 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

# شائىرنى تۆت پەسىلدىن سورىساڭلار

ياز پەسلىنىڭ ئىچكىرىسىدە
يالغۇز ئۆرۈكتەك
بىر تۈپ ئادەم بار
يەرگە چۈشكەن مېۋىسى زېدە،
تېتىڭلار شېئىرىنى بىر تال ـ بىر تال.

كۈز كەلدى قەغەزگە، سارغۇچ قەغەزدە
ئۈزۈمدەك پىشقان ئۈيغۇر تىلىنىڭ
شەربىتىنى چىقاردىم
شېئىردىن.

ئەي، ئاق جىمجىتلىق شائىر قەيەردە؟
قىش جاۋاب بەردى كېكەچلەپ تەستە،
— زېمىن تىرىك شائىر بار يەردە.

شائىر كۆكلەمگە كىرىپ
چىققان چاغدا ئۆلۈكتىن تىرىك
تاشلىدى قەلىمىنى پىرقىرىتىپ،
زېمىنغا، يېزىلغان شۈنچە جىق ـ جىق،
يېشىل شېئىرلارنى ئوقۇپ قېلىپ.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

# تېرىقچى

ئەتىيازنىڭ قاراڭغۇسىدا
قارنىڭ چۈشى لەيلەيدۇ سۇدا.
يەر ئۇيقۇدىن ئويغاندى تەرلەپ
دېھقان ئويلاندى ئۇرۇقنى سەرلەپ:
— قۇلىقىم قوش ياپراق، قوللىرىم شاخ
مېنى يەرگە كىم تېرىغان، دەپ.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

# كۆتۈرۈپ

كەلدى ھويلامغا
بىر تۈپ ئۈجمە باش يازدىن
مېۋىسىنى كۆتۈرۈپ.

مەن قەلەمنى كۆتۈرۈپ
شېئىر پىشقۇچە
سۈيى چىققۇچە
تۇردۇم ساڭگىلاپ مەنە ئۈستىدە.

بىر ئاق بۇلۇتنى كۆتۈرۈپ ئاسمان
رەھمىتىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى
«بول» دېگەن سۆزنىڭ يۆنىلىشىدە.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

# يانفون

جىرىڭلاپ كەتتىم بىردىنلا
ئادەم مىغىلداپ تۇرغان كوچىدا،
ئالىدىغان ئادەم يوق مېنى.
مەن گويا ئوغرىنىڭ قول ئۇچىدا،
مەن سۆيگەن مولايىم، ئاپئاق قول قېنى؟

قۇرۇق ئاۋاز مېنىڭ ئاۋازىم
كېرەكسىز زاپچاس مېنىڭ ئەزايىم
سەن ئالمىساڭ
چالمىساڭ مېنى.

ھاياتىمنىڭ ئوتتۇرىدا
غېرىبلىق نۇرىدا
سالپىيىپ تۇرغان ياۋا دەرەخ مەن.

ئۆتكۈنچى پەسىلنىڭ يامغۇرلىرىدا
سەن ھۆل بولغان ئالمىدەك دەردمەن.
تۆكتۈم غازاڭدەك پۇشايمىنىمنى،
سەنسىز ھاياتىم شالدىرلار قۇرۇق.
ئەي قۇرغۇيۇم ئەپۇ قىل مېنى
قۇشقاچمەن ئالدىڭدا بىر چىشلەم ئورۇق.
سەنسىز ھاياتىم جىرىڭلار قۇرۇق.

بىرنەچچە قېتىم خاتا ئۇرۇلغان،
قوپال ئاۋازدا ئۇزۇپ قويۇلغان،
ئالمىسى چىشلەنگەن تېلېفوندا
سوۋغا قىلدىم ئۆزۈمنى بۇندا،
توپ - توپ سۆكۆت، توپ - توپ مالائىك
بىز بىلەن توپلانغان ئۇشبۇ سورۇندا.

كۆڭۈل تېلېفونۇم جىرىڭلار كۈندە
مەن تىڭشاپ تۇرغۇچى،
ئۇرغۇچى ئىگەم.
ئال يارىم سۆكۈتنى كاككۇكتەك ئۈندە
تۇتاشسۇن ئاسمىنىم ئاسمانلار بىلەن.

2014 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

# بىر تىلىم تاۋۇز

شەيتىنىم ماڭا سىيمىز كۆرسەتتى
شىيئىرنى تارتىپ ئەكەلگۈچى
قىزىل بىر سۆزنى.

مەنىڭ مەڭگۈلۈك تارتىش كۈچى
بىسىپ چۈشكەندە جادۇ كۆزنى
بىز بىھىشتەك سورۇندا.

مەن ئولتۇرغان ئورۇندا
ئىسمىمغا باغلانغان زەنجىر بەند كىشى،
نازاكەتلىك ئايال قولىدا
چەينەك جوغىسىنىڭ ئىگىلىشى،
قولۇمىنىڭ قەندانغا بېرىش يولىدا،
پۈتلىشىپ تەگكەن بىر پىستە چىشى.

شەيتىنىم ماڭا قىزىل كۆرسەتتى،
پوستى نېپىز مېۋەڭنى قۇتقۇز
ئەي ئىگەم مەن باغقا قايتماقچى.

يان تەرەپتىن مېڭىپ
قەدىمكى ئەسلىمگە مەن
جەننەت ئىشىكىنى چەكسەم،
ۋارقىرار ھاۋا: كەت! پوق يەپ كەپسەن.

2014 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.

# دەرەخلەر ئىشكنى چەكسە

جىمجىتلىقنى توختاتتىم
تۇنگە چىلانغان بارمىقىم بىلەن
شىرەنى چېكىۋاتقاندا،
قېچىۋاتقاندا كوچىغا ئۇيقۇ،
چېچىۋاتقاندا ئاي سوغۇق سۇ.

شىرە ماڭالماي
قىزغۇچ تۆت پۇتىدا،
كىتاب تەكچىسى بولۇپ ئېگىز دار
جان تالىشىۋاتقان پېرسوناژلار.
ئاپتورلار ئامالسىز نېمە قىلار؟

بىرىنىڭ پاسپورتى بار
مەڭگۈلۈك،
ئۇنىڭ ئىسمى پابلو نىرۇدا
مېنى يېنىغا چاقىردى ئۇنلۇك،
— كەل ئادىل، ماكچو پىكچو ئېگىزلىكى[1]گە
يامغۇردا ساڭا چىقمىسا ئىگە
دەرەخلىرىم بولىدۇ كۈنلۈك.

سۆزلەر
بىر تال يىڭنىنى سۆرەپ ئولاش - چولاش،
قەغەزدىكى كۆلەڭگىلەرگە

---

[1] شائىر پابلو نىرۇدانىڭ شۇ ناملىق داستانى

قوغۇشۇندەك مەننى بەتلەپ،
سۇنىڭ شەكلىنى خەتلەپ،
يوقلۇقنى بارلىق بىلەن سۇپەتلەپ
چىقىش ئىشىكىگە ماڭدى شېئىرنىڭ.

ئەگەر ئىشىكىمنى دەرەخلەر چەكسە
يىلتىزىدىن قورقىمەن
سايىسىدىن قاچىمەن.

يامغۇر پۇرىقى مېنى ئەكەتسە
ئاسمان ئىشىكىنى ئاچىمەن.

ۋاقتىمنى توختاتساڭ ئەگەردە
ئەي، مەڭگۈلۈك ساڭا قاچىمەن.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

# ئاپتاپ

بىر قاناتلىق
ئىككى قاناتلىق
ياكى
ئۈچ قاناتلىق پەرىشتىمىكىن؟
كۆرۈنمەيتتى يېنىمدا لېكىن.

مەن ماڭا قونغان چېۋىننى قوغلاپ،
پېشايۋاندا قاچماقتا ئىدىم
خوتۇننىڭ تۇگمەس تاپىسىدىن
ئاپتاپ سۇنغاچ ئولتۇرۇپ.

ئادەم ئەقلى بار تۇرۇپ
يوق يېمىسە بولاتتى
يوق يەپ بولۇپ،
تووۋىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئۇ
كېتىپتۇ تۇيۇقسىز ئىچى يورۇپ.

هاۋا ئولتۇرغاندا
بەداشقان قۇرۇپ
پىشقان ئەنجۈرگە ئوخشاپ قالار.
ئەنجۈر جەننەتتىن چىققان مېۋە،
يوق نەرسىنى ئېسىڭگە سالار:
يېمە! يېمە! يېمە!

بىزگە خۇش خەۋەر كېلىدۇ ئاقساپ
ياق، ياق، ياق...

چېچىلغان ئاپتاپ
مېڭە قېتىقىدەك ئاق.

يوپيۇرماقتەك مىسرالار ئارىسىدا
دۇمبەمگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى.
پاكلاندىم كۆزۈڭنىڭ قارىسىدا
سۇ مەن، سۇ ئۆزىنى يۇياتتى.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

# ئۇيقۇسىزلىق

ئۇيقۇسىزلىق
چەپ قولدىن كېلىپ
ئوڭ قولغا ئېتىلغان يىرتقۇچ ھايۋان.
يۇتۇۋەتتى مېنى ھاپ قىلىپ،
ئاغزىدا كۆزلىرىم ئېشىپ قالغان.

شام كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزلار
ئاسماننىڭ ھەممە يېرىدە
تەسەۋۋۇرىمىزنى يورۇتىدۇ.
يوللار، بەلگىلەر، ئىزلار
ئاسماندىكىلەرنىڭ نەزەرىدە
بىزگە ئۆزىنى تونۇتىدۇ.

كۆزۈمدە ئۇيقۇ لىق،
ئۆزۈمدە تاڭدىكىدەك ئېغىرلىق.
سۆزۈمدە كۆك ئاسمان،
ئىشىكى بىز تامان ئېچىقلىق.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

# گاچا پەلتو

بىنانىڭ ئۆگزىسىدە
ئەۋەتىلگەن ئۈچ ئاق بۇلۇت
كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى.

ئۆلۇم شۇنداق ئۇشتۇمتۇت
كۆك فورما كىيگەن دەرەخلەردىن
كوچىدا كۆڭلۇم بۇزۇلاتتى.

شامال ئىتتىك بۇرۇلاتتى
سامادىكى كەپتەردەك،
ئايال تېنىدە بىرنەچچە گۇل ئېچىلغان
قاقشال دەرەخ مەن مېۋەم ئېسىلغان
شېئىرىم — تاش ياپراق، قۇياش يېزىلغان.

تاش ۋارقىرار
ئىچىدە،
بىز ئاڭلىمايمىز.
بىز ئاڭلايمىز تۇپراق ئىچىدە
كوس - كوس ئالما يەپ ياتقان ئايال،
ياكى بىر يىگىت دۇم يېتىپ ئۇخلار
دۇمبىسىدە قوغۇشۇن يېگەن پېتىچە.

نېمىدېگەن بىمالال
كوچىدا بىزنىڭ ھەسرىتىمىز.

تۇغۇۋاتقان قىزىل شامال
شامال بوۋىقى بىلەن كېتىمىز.

لېفىتقا چىقتىم
ئورۇن قالمىغان.
دادامنىڭ گاچا پەلتوسى
تىزىنى ياپالمىغان،
قولىدا ھاسىدەك نۇر
قولىنى تاپالمىغان
قولى چۈش كۆرگىلى قېچىپ كېتىپ.
يولى ئوخشايدۇ قۇم دەرياغا،
سۇنىڭ سۇزۇك ئەرۋاھى كېتىپ
تۇراتتىم قىرغاقتا تىل چاكىلدىتىپ.

بۇلۇت ئەۋەتىلدى
مول يامغۇر بىلەن.
يامغۇر نېمىدېگەن بەلەن.
يامغۇردا بەلەن كونا پەلتو،
بىز لەپىلدىتىپ كىيىپ يۈرگەن...
دادا كېتىۋەر! ئاسمان كەڭغۇ...

بىنانىڭ ئۆگزىسىدە
ئاق بۇلۇت سىياقىدىكى
ئۇچ پەرىشتە.

2014 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

# يات كوچىلاردا

سايىنىڭ كوچى
ئىتتىردى مېنى
كۆلدىكى بىنالارغا چىرىغى يانغان.
سوغۇق يۇلتۇزلار يات شەھەردىكى
ماڭا مىلتىقتەك توغرىلانغان.

ۋىۋىسكىلار چاقنايتتى نۇردا
كىشىلەر بىر - بىرلەپ كەتمەكتە ئۆچۈپ
قىزىل يامغۇردا، يېشىل يامغۇردا.

يوپكىسى قىسقا مېۋە ساتقۇچى
پىشتى نېمىشقا پوستى مۇنداق ئاق؟
سىيرىلىدۇ قولۇمنىڭ ئۇچى
چەكلەنگەن مېۋە، توختىدىم ياق، ياق.

يۇرىكىم بىردىنلا قۇرت يېگەن ئالما
سېسىشتىن ساقلىدى ئىماننىڭ كۈچى.
قارىسام يېنىمدا
يېشىل لىباسلىق ھۆرى - غىلمانلار،
ناتونۇش دەرەختىن بىر، ئىككى، ئۇچى.

سۇس يورۇپ تۇرغان دېرىزىدىن
توپلاندى كېچە كىرپىك ئۇچىغا.
بىر جۇپ پۇت تىرىلىپ چىقتى لاي ئىزدىن،
كېتەرمىز مەڭگۈلۈك بىر كوچىغا.

2013 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

# دوقمۇشتىكى بىر ئۆينى ئۈچ تەرەپتىن كۆزىتىش

1

بىر ئايال چىقتى كاشتان رەڭدە
تونۇش تۇرقى
غەمكىن پۇرىقى.

كۆزەينەك ئاستىدا غايىب بولدى
تولدى ئۆيگە يوقلۇق يورۇقى.

2

سېنى پايلىغان،
سېنى قوغلىغان،
سېنى تۇتقان ئاي،
ئاخىر ئۆزى قاچالماي.

روجەك ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرار،
بىر تۈپ دەرەخ ئېگىز ياغاچ دار.

3

ئۈچىنچى تەرەپتىن كۆزەتكەندە
ئۆي جايلاشقان تۈننىڭ يېنىغا.
كەتكەنلەرنىڭ چىرايى مەندە
قاچقانلار ئاناردەك مۆكتى قېنىغا.

ئاندىن
يەنە بىر ياندىن
بىر - بىرلەپ توپىغا قايتۇرۇۋەتتى.

توپىدا ئادەم بار!
تام سۆزلەپ كەتتى.

توپا بىلەن
مۆكۈمۆكۈلەڭ ئوينايمىز
كۆرەلمىسەك يوق دەپ ئويلايمىز.

2013 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

# دېڭىز مەھسۇلاتى زىياپىتى

سۈزۈك سۈزدىن
ئۈزۈپ چىقتى،
ئاچكۆزلەرچە ئۆتكۈزدۈق كۆزدىن.
ئاندىن چۆچۈتكەن مايغا تىقتى،
چىقتى قىزىپ باش، قاسراق، پۇتى.

تۇتتى،
ئۆردى،
يۇغۇشتۇردى چوكا بىلەن.
دېگەن گېپىمىز دېڭىزدىنمۇ كەڭ
يېگەن گۆشىمىز پەقەت بىر چىشلەم.

ھەي، بىچارە جانىۋار!
ساڭا بار، ماڭا بار
ئۆلۈمدىن كېيىنكى تۇزلۇق تەم.
زاۋۇت غوجايىنى
قىلدى مېھمان
گۇگۇمدا مېنى.
دېڭىز بويىدا قاراڭغۇ ئىنسان
كۈندۈزدە كۆرۈنگەن نەرسىلەر قېنى؟

سۇدىن، يەردىن، ئاسماندىن
ئۆچۈرۈپ تۇردۇڭ بارلىق ئىزىنى،
بار يوق بولغان، يوقتىن بار بولغان
دەقىقىدە كۆرىمىز سېنى.

2013 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

# ھاۋا رەڭ

كۆلدە ئاق نىلوپەر لەيلەپ تۇرغاندا،
بىر ئايال ئېگىشىپ پەي توپ ئۈزگەندە،
ئوغرى كۆزلىرىم،
سۇغا سۆزلىدىم
تاشقا تونۇش باشقا زۇۋاندا.

ئاسمان يېقىن ماڭا بۇ يەردىن،
راۋاقتىن چۈشۈپ
ئاپتاپقا كەلدىم.
كەلگەندە ئىسسىق ماڭا سۈركىشىپ
بىر نەزمە تۈزگۈم كەلدى كۆك رەڭدىن.

تومۇزغىلار ئوت ـ چۆپنى قىلىپ دالدا
نېمە قىلماقتا؟ مەستخۇش ئاۋازى.
بارلىقىم ئالەمگە قوشۇلغان ھالدا
ئىگەم مەن مەست، سەندىن مىڭ رازى.

2013 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

## مېھمانخانا ئالدىدىكى مۇساپىر

ئىسمىم قاراڭغۇ،
بىر تامچە يامغۇر
يۈزلىرىمنى سۇس يورۇتقاندا
ئوققا تۇتقاندا روجەكلەردىن نۇر.

كۆككە ئېسىلغان قوڭغۇراقلار
ئۈمىدتەك بىر - بىرلەپ ئۈزۈلۈپ چۈشتى.
ئۈزۈلمەس بىر كۈي زالدىن قۇلاققا
تېيىلغاق گۈگۈم ئاق مەرمەر ئۈستى.

ياش مۇلازىم —
مېھمانخانىغا قويۇلغان تەشتەك.
كىملىكىمدىن
چېچىلغان بەرگىمنى يىغىۋالدىم،
ماڭا جاي يوق بەرسەممۇ ئۈستەك.

ئىگىسىز ئىگىسىنى ياد ئېتىدۇ
ئايدىڭدا قاۋىغان لالما ئىتتەك.

ئەمدى ئوقۇرمەندىن سۆز ئىشتسەك
مەندىن بىخەۋەر
ھور چىقىپ تۇرغان قەھۋەنى ئىچكەچ،
شېئىرىمنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىدۇ.

بىر يولنىڭ ئۇچى ياز ئاخىرىنى كۆتىدۇ،
بىر قولنىڭ ئۇچى يەردىكى يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ.
مېھمانخانا خىزمەتچىسى تالانى ئېچىپ
كېچىنى ماڭا كۆرسىتىدۇ.

مۇساپىر يامغۇرغا يامىشىپ بۇ كەچ
ئىگىسىنى ئىزدەپ كېتىدۇ.

2013 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

# تومۇزدىكى تومۇزغا

ئوخشايدۇ ئېرىگەن مۇزغا —
تۆت چاسا سۈكۈت،
ئىككى ياكى ئۈچ پارچە سۈكۈت
چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدىكى.

پەس شاخنىڭ ئۈستىدە
دۈمبىسى چىپار ئىككى قوڭغۇز —
بىرى بىرىنىڭ ئۈستىدە.
ئېگىلگەن كەينى پۇتلىرى،
ئېچىلغان ئىسسىق سىرى،
بۇ ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمى،
بىز ئۇلارنىڭ
چاقىرىلمىغان داپشاق مېھمىنى.

جىمجىتلىق
يىرتىلدى قىزلىق پەردىسىدىن.
ئۆتۈپ كەتتۇق ھۇزۇر ئېلىپ
يېشىللىقنىڭ يان تەرىپىدىن.

تومۇزغا كۆرۈنمەس، ئاۋازى پەس
پەس ئاۋازدا سورىدى بىزدىن:
— كۆرسەتكەن، ئاڭلاتقان، ھېس قىلدۇرغان كىم؟
جاۋابى سۈكۈت ئىگىمىزدىن.

2013 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

# ئاق بۇلۇت تېغى

بىلمەيمىز تېخى،
ئاسماننى قاشالاپ ئېگىز قىلغۇچى
ئەۋەتتىمۇ گۇللەرنى بىزگە؟
پەستە تۇرساق قاراپ ئېگىزگە.

ئاق بۇلۇت تېغىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق،
بىر توپ سەيياھ چىقىۋاتاتتى.
بىر توپ بۇلۇت چوققىدىن قايتتى
سۇر رەڭدە.

ناتونۇش ئادەمدەك بۇ دەرەخلەر
تۇرۇشقان ئۆرە، ئاستى يالىڭاچ.
قوللىرىنى ئېچىپ ئېگىزدە —
بىر - بىرىنى قىلماقتا باغاش.

ئۇشتۇمتۇت چاقماق چاقتى.
ئاقتى،
بىر تامچە ئادەم،
ئىككى تامچە ئادەم،
تېخىمۇ شىددەتلىك جىق - جىق تامچە.

بىز قانچە؟
بىرىمىزمۇ تۇغۇلماستا
يا بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كەتكەندە.

سوغۇق شامالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
تاغ چوققىسىغا چىقىپ قالدىم،
بىر پارچە مەنزىرە رەسىمى ئالدىم.

بۇ رەسىمنى سىزغۇچى
كۆرسەتمىدى ئۆزىنى تېخى.
ھەربىر دەرەختە قولىنىڭ ئۇچى —
ئۇنى كۆرسەتمەكتە ئاق بۇلۇت تېغى.

2013 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

# شارقىراتما

سەيياھ مەن قۇرلاردا، مەندىنمۇ ئاز.
قىرلاردا كېيىك مەن، قوغلاپ كەلسە ياز.

بېشىغا بۇلۇت تاج بولۇپ قونغان،
ئاسمان بىزگە تەۋە كۆك قورغان.
شامال بىنەپشە،
بۇ دۆڭدە ھەربىر گۈللەردىن ئۆتسە.

غەم مېنى قىيادىن ئېتىپ تاشلىدى،
بۇژغۇنلىنىپ نەگە بارارمەن؟
ئاق قۇم ئارىلاش گۈگۈم چۈشتى،
ئىچىم قاراڭغۇ سۇغا قارايمەن.
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ئاستى - ئۈستى،
شارقىراتما — ھاياجانلىق تەن.

باقتىم بارلىققا تەشەككۈر بىلەن،
تاپالمىدىم ھېچ يەردىن ئېۋەن،
ھەممە نەرسە مۆجىزەڭ ئىگەم.

ئۈشتۈمتۇت بىر كۈنى شارقىراتما مەن
يەردىن كۆككە ئېقىپ كېتەرمەن.

2013 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

# قارلۇق ئۆستەڭ

تارىخنى يالاڭئاياغ كېچىپ ئۆتسەڭ
سۇنىڭ رەڭگى بار، ئېغىرلىقى يوق.
مىڭ يىلدىن بېرى ئىزى ھۆل ئۆستەڭ،
يىقىلىپ قوپار، ۋاقىت ئاتقان ئوق.

كونا كېرىيە بازىرىنى
ئىزدەيمىز ئۆستەڭ بويلاپ.
ساقلىتىپ سۆگەتلەرگە مازىرىنى
يېشىل قەبىلە كۆچتى دەپ ئويلاپ.

ئەگەردە بىرى ئالما يېسە
يېرىمىنى ئەرۋاھ چىشلەيدۇ.
كەتكەنلەر كەتتى كەلمەيدۇ دېسە
قۇملۇق ئاق يالىنى سىلكىپ كىشنەيدۇ.

قۇياش ئېچىپ قويغان كوچىدىن
ھىلال ئاي پەش قويغان كىتابقىچە،
بىرى ۋاقىتنى تارتتى ئۇچىدىن،
ئاقار شارقىراپ ئېگىزدىن كېچە...

ئوتتەك قۇملۇق سۆيۈۋاتقان،
مەن چۆكۈپ كەتتىم
يېشىل كىرپىكلەر ئارىسىغا
چۈش كۆرۈۋاتقان.

قارلىق چوققىدىن چاقىرغاندا ئۇ
قارلۇق ئۆستەڭگە كەلدى يېڭى سۇ.

2013 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

# مەن چۋىن

ئېگىلگەن نۇردەك پۇتلىرىم
كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىدا
سۇس يېشىل رەڭدە،
تانكا چاقى توختىغان يەردە.

ئەگەردە كوچىغا يەنە قارىساڭ
كۇندۇز قات ـ قات سۇپسۇزۇك پەردە،
ئەي پۇت ماڭا قوقاق سالماي ماڭ
نۇتۇق سۆزلەۋاتسام ئەۋرەزدە.

ئەي شائىر يوق ماڭا قارارغا كۆزۇڭ
چۋىن پوقى دەپ قىلغان ئىشىمنى.
قەغەزگە ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزۇڭ
بۇلغاپ بولدۇڭ ئىسمى شېئىرنى.

ياز ئۆتۇپ كەتتى
گۇللەر بەرگىدىن،
ھەسەل ھەرىسىنىڭ پوقىدىن،
ئەخلەت ساندۇقىدىن، قان يۇقىدىن،
ئەمچىكى ئوچۇق ئۇخلاپ قالغان
ئايالنىڭ توپچىسىدىن، قۇلىقىدىن،
ئەرنىڭ مەن قونغان قورققان تۇرقىدىن،
چۇشتىكى قەھۋە پۇرىقىدىن...

ئايلىنىپ چىۋىنىگە ياكى ئادەمگە
بارغۇچە يېتىپ ئوخشاش ئالەمگە
باشقا دەپ ئويلايمىز بىر - بىرىمىزنى.

بىر غېرىب شائىر كۆردى مېنى،
مەن كۆردۇم مەنتىقسىز قېچىۋاتقان
ئۇنىڭ باشسىز مىسرالىرىنى،
شىرنىلىك ئۇيغۇر تىلىغا قاراپ.

چىۋىن مەن
كۆرۈندى ئوقۇرمەن
قولىدا پالاق.

2013 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى.

# تۇخۇمنىڭ قۇرۇلمىسى

يازنى پۈتۈن بىر ئايلىنىپ چىقتىم
ئىچىدىن تېشىغا
ئىلىلىپىسسىمان،
ئىچى قۇرۇق شاكالدەك شەھەر
ئاق، سېرىق ئايالىلار مېڭىشىغا
ئىچىمدىن تۇتۇپ تۇرغان كۈچ — ئىمان.

بىراق
سېرىقنى سېرىق
ئېقىنى ئاققا
ياپسا كەلتۈرۈپ بىر يۇمىلاققا،
يەر شارىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى —
قىيپاش بىر ياققا،
مېنى ھېكمەتكە مەپتۇن قىلماقتا.

2013 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

# چۈمۈلە مېيى

ئاينىڭ قەدەم جايى
يورۇتقان قەغەزدىن
مېڭىپ كېلەر
قارا چۈمۈلىلەر — مەن يازغان خەت.

چېكىتلىك ھەرپلەردىن يېزىلغان كەچ.
ھاجىگۈل خانىم قىلغاچ بىزگە گەپ،
تەكچىدىن بىر شىشىنى ئالدى.
— چۈمۈلە مېيىدا مايلاپ بېرىپ
ئاقساق پۇتۇم ئوڭشىلىپ قالدى.

زەيتۇن يېغىدا
بىر يىل ئۈچ ئاي دۈملىنىپ تۇرغان
مىڭلىغان چۈمۈلە ئېرىپ، سۈيۈلغان.

بىر تېۋىپ چىقىپ
خوتەنچە سۆزلىمەكتە،
ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاپ چىقىپ.

— ھەربىر كېسەلنىڭ رېتسېپى بار
ئوت - چۆپلەرگە، جان - جانىۋارغا،
غايىب ھېكمەتتەك قويۇلغان تىقىپ.
بىز ھايات ۋە ماماتتىن چىقىپ
تەقۋادارلارچە چىقىمىز تېپىپ.

تارتىپ قولۇمنى
شىشىگە تىقىپ،
بىر تېمىم قارا يۇلتۇز
گىلەمنىڭ گۈلىگە چۈشتى ئېقىپ،
چۈمۈلە ۋارقىرار «مېنى قۇتقۇز!» دەپ.

ۋاقىتنىڭ ئەينىكىگە قارىغاندا
قۇتقۇزغۇچى قۇتۇلدۇرغۇچىدۇر،
بارلىق يوقلۇقنىڭ بىر ئۇچىدۇر.
قۇرۇق سۆزلەرنى مايلىغاندا
چۈمۈلە مېيىدەك مەنە بىلەن،
دۇنيانى ساقلىغان ھېكمەت كۈچىدۇر.

سىياھدەك كېچىنى كۆتۈرمەكتە سۆز،
مەن قارا كىگىزدىكى قارا چۈمۈلە
كۆزىتىپ تۇراتتى سان ـ ساناقسىز كۆز.

2013 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

# يۇرتلۇقلار يىغىلغاندا

داستىخاندا
پولۇنى پادىشاھ قىلماقچى بولدۇق.
كۇندۇز ئېرىگەن قاراڭغۇ جامدا
چىرايىمىزنى غىل - پال تونۇپ،
تەنھالىقتىن تاپتۇق بىر دالدا
شاراپسىز، نىقابسىز، قۇياشسىز ھالدا.

چېقىلدى سۇكۇت بىر قېتىم
بالىلىقىمىز ھىلال ئايدەك كۆرۈنگەندە
جامەنىڭ چاك كەتكەن تاملىرىدىن.

چېقىلدى سۇكۇت ئىككىنچى قېتىم
ئاڭلاشتىن جىددىيلىك كۆرۈلگەندە.

بىز ئاڭلىغۇچى،
يوپۇرماقتەك زامانلار ئارا
مېۋىدەك ئېچىلىپ قالغان يارىمىز.
بىز ئۇچلۇق تىكەن،
گۇلدەك يارىمىز.

سورۇن تارقاپ
قايتقاندا ئەنۋەر،
تارىخ يولىدا ماشىنا ھەيدەر،
قۇرۇم تاغلىرىدىن — يۇرتىمىزدىن
ئۆتكەندەك لەشكەر تارتىپ مىرزا ھەيدەر.

بىز ئاڭلىغۇچى،
ئاۋازلار ساماغا يېزىلىپتۇ،
تاراپ كەتكەندە ئۆي ـ ئۆيلەرگە بىز
ئاسماندىكىلەر يىغىلىپتۇ.

2013 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

# بۇ مىسرادا

بۇ مىسرادا ئېچىلغان بىر گۈل
چېكەڭگە قىساي، ئوقۇرمەن ئايال.
گۈل پۇراپ تۇرسا ياغلىقىڭ ئۈچى
بولار شامال مېنىڭ نامىمدا
ساڭا ئاتاپ شېئىر يازغۇچى.

ئۇ مىسرادا بىر ئەر كىشى
قاراپ تۇرىدۇ روجەكنى ئېچىپ.
كوچىلاردا تۇرمۇش تەشۋىشى،
ساقاللىق كۈن ماڭغاندا قېچىپ
ئاپتاپ چېچىلىپ كەتكەن مېۋىسى.

ئۇزۇن مىسرادا
تانكا رەڭلىك ياز،
ئۆتۈپ كەتتى ئاستا - ئاستا...
قاتتىق نەرسىدىن يۇمشاق نەرسە ئاز...

قاراڭغۇ چۈشتى.
ئاسمان ئۈستى —
ئۆرۈلگەن بىر بەت.
ئويلايمەن ئاي - يۇلتۇزلار قەدەم ئىزى،
قەغەزدە چاقنار قەلەم ئىزى.

بۇ مىسرادا
ئېچىلغان لەۋ،
جېنىم ئاشىقلىقتىن تىپىرلايدۇ،
ئاسماندىن بىرى پىچىرلايدۇ...

2013 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

# ئاق ئۆرۈك

چاچلىرىم تاڭدەك ئاخىرلىشارمۇ؟

ئىككى تۈپ پاڭقاي ئۆرۈك
چىقتى يۇگۇرۇپ،
ئەتىيازغا،
چېچەكلەرگە پۈركەنگەن قىزدەك.
ئاندىن جۇۋاندەك كىردى باش يازغا،
تامشىيمەن ئاغزىمغا سۇ يۇگۇرۇپ.

كوچىنىڭ مىسرالاردەك ئىككى چېتى
كۇچانىڭ قەدىمىي ئېغىرلىقىنى
كۆتۈرۈپ تۇراتتى سېۋەتلەر بىلەن.

مەن
شېرىن ئارزۇدەك ئۆرۈكلەر بىلەن
قىلغۇم كەلدى قولۇمنى شالتاق،
يەنە بىر مىسرا يېزىپ ئەڭ شاللاق،
ئۇرغۇپ تاشقان ھاياجىنىمدا.

سايىلەرنىڭ قېنىدا
ئۈچ - تۆت ئۆرۈك يازدى ئېتىنى،
ئاندىن ئىزى يوقالغان جايدىن
پۇرىدىم جەننەتنىڭ خۇش پۇرىقىنى.

ئۆرۈك سېۋىتىدىن ئۇچقان بىر چىۋىن
قوندى شېرىن
قاڭشارلىق قىزنىڭ پېشانىسىگە،
قونار ئۆلۈم بىر كۈنى لېكىن
پالاق تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە.

2013 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

# رادىيودىكى قەبرە

— قەدىناس خىزمەتدىشىم، شائىر ئىلھامجان ئابلىزغا

قار ئارىلاش ياغماقتا يامغۇر،
ئىچى ھاۋا رەڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ.
ئۆلۈم يۇلغاندا بىز بىر باش چامغۇر،
ئىگىسى نەدە مەجھۇل پېئىلىنىڭ؟
نەم رادىيو دولقۇنلىرىدا
بىر شائىر ئۆزىنى يىرتتى شېئىردىن.
ئەلۋىدا، ئەلۋىدا، دوستۇم ئەلۋىدا
تارلىرى يامغۇردەك ئۈزۈلدى دىلىنىڭ.

ئۆزىمىز يۇيۇپ تاراپ
ئۆزىمىزنى،
ئۆزىمىز كېپەنلىگەن مېيىتكە قاراپ
ئۆلۈمگە كۆندۈرگەندە كۆزىمىزنى
يۆتەل ئاۋازى بىنادىن تاراپ
ئۈزۈپ قويدى سۆزىمىزنى.

ھېرىپ خىزمەتداشلار قايتقاندا ئىشتىن
مەجنۇنتاللار قېرىپ ئاق قاردا
توختىغان بولسا شېئىر يېزىشتىن
كىمگە ئېيتارمىز دىل سۆزىمىزنى؟

زەمبىرەك ئاغزىدا مېنىڭ ئاغزىم،
گۈل پورىكىدەك قات ـ قات سۆكۈتۈڭ.

قۇش چاڭگىسىدا بالىلىرىڭ
جۇدەپ كېتىپسەن، تۇزۇپ پەي - تۇكۇڭ.

سېنى نەزمەمگە كۆمۈپ قويۇپ
تۇپراق بېشىدىن قايتىۋاتقاندا،
توختىدى ماشىنام
تۇماندەك سوقۇلۇپ
ياتتىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۆل، ئاپئاق قاندا.
كۆزلىرىڭ كۆرمەپتۇ، بەدىنىڭ سوغۇق،
نەم پۇت ئىزلىرى يۇگۇرەر تامدا.

ئادىشىم ئىلھامجان
ئىلھام، جان، ئەقىل قىلار تىنماي دوق
بىز ئۆلۈمۈڭنى ياشاۋاتقاندا.

بىنا ئالدىدا
كىملەرنىڭ قالايمىقان ماشىنىسى؟
قىشنىڭ ئالدىدا، بىزدىن دالدىدا
قاتار چىنارلارنىڭ ئىگىسى.

تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۆي ئىگىسى
ئۆلگۈسى كەلمىگەن جىمجىتلىق بىلەن
دەسسىدى ئاسماننىڭ پەلەمپىيىگە.
ئاسماندىن قايتقانلار يەڭگىل، ئاق ئىكەن
بىز قايتتۇق بۇگۇنمۇ ئىسسىق تېرىگە.

2013 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۇنى.

# ماشنا سۇغۇرتا شىركىتى

كۈن نۇرىدا
مەن تونۇمايدىغان بىرمۇنچە خەت بار،
تەرجىمەم نۇرلۇق ئۇيغۇر تىلىدا.

كۈن نۇرىدا
ئالتۇن چاقلار پىرقىراۋاتقان،
كاللا قويدى ئىككى ماشىنا...

يوق ئىدى بۇ ئىش كۈن تەرتىپىمدە،
قولىمىزدا رول، ئالدىمىزدا يول
شوپۇرنىڭ رولىنى ئالغان ئىككىيلەن
كۆرۈنمەس سېنارىست يازغان فىلىمدە.

ئاسماندا توشقۇزۇلغان ئىش جەدۋىلى
ۋاقتى ۋە ئورنى مۇشۇ ئىدى.

40 ياشلار چامىسىدىكى
كۆزەينەكلىك قارا باشنىڭ
چۇشۇپ كەتتى ئىچىگە دېمى،
يەنە ھاجىتى يوق ئالدىراشنىڭ.

يىراق پىلانېتادىن كەلگەندەك
سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ياش خادىمى
تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ،
نەق مەيداندا كەتتى ئىشلەپ.

كۆرۈنمەس قول
يازماقتا خەت
كۈن نۇرىدا.

2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

# نىگاھ

چاقتى چاقماق
كۆرۈپ قالدىم لاپپىدە
يورۇتۇۋەتكەن چىرايىنى يوپۇرماقلار كەينىدە.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.

# بوغۇز

تاغ ئېغىزىدىن
ئۆتۈۋاتقان كىچىك سۇ،
توختاپ قالغان قورام تاش.

يول ئەگرى - بۈگرى،
ۋاقىت ئېغىر يۈك يۈكلەپ ماڭغان،
بىز يېغىرى.

بوغۇزدىن ئۆتكەندە
ئاسمان يەنىلا كۆك رەڭدە،
بىر تۇتاش ئۇيغۇر يېزىسى
قۇيرۇقى ياپيېشىل،
سۇ بېشى.

مەسچىتنىڭ
قىيسايغان كېسەك تاملىرى
ئۆزىنى قوپۇرالمايدۇ،

بىز ساڭا كەلگەن.

يامغۇر بىر تامچىدىن كېچىكىپ كەلگەن،
جامائەت يامغۇردىن كېيىم كىيگەن،
تېرەكلەر دۇئاغا قول كۆتۈرگەن.

بىز سەندىن كەلگەن.

تاغ ئارىسىدىكى بوغۇزدا
ئادەملەر يۆتىلىپ بولمىغان تېخى،
قەدىمكى شامال چۇشمىگەن ئاتتىن.

بىز ساڭا قايتىمىز
ئۆتۈپ بوغۇزدەك ئىسسىق ھاياتتىن.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

# قەشقەر خەلق باغچىسى

شامالنىڭ ئاغىچىسى —
قىزىل چېچەكلىك پاكار دەرەخ.

شېئىرنىڭ ئالدىدىكى چېچەكلىك دەرەخ
كەينىدىكى چىنارغا ئېيتتى
قىزارغان پېتى:
تاج قىلىپسىز ئالتۇن قۇياشنى
ئەي زېمىنىنىڭ بەرنا يىگىتى!

كۆلدىكى تونۇش سۇ
ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدۇ،
ئەخلەتلەردىن قىلىپ ئېھتىيات.

دادامنىڭ جىمجىتلىقى تام تۈۋىدە،
قوللىرى قىزىل يۆگىمەچ گۈللەر
ياماشماقتا قورقۇپ ئۈستىگە.

بىكارچىلىقتا قارت ئويناۋاتقانلار،
ئويناۋاتقاننى كۆرۈۋاتقانلار،
ھەم ئۇلارنى ئاسمانلاردىن كۆرگۈچى.
ئۇنىڭ قولىدا چىگىك زامانلار —
بارچە ئويۇننىڭ ئاخىرقى ئۇچى.

ئاسماندىكى بىرى
قىپقىزىل ئالمىنى بىرمۇ چىشلىمەي
شاختىن يەرگە تاشلىۋەتتى.

ئاغزى ئويماقتەك ئالما
يۇمىلىنىپ - يۇمىلىنىپ
شىبئىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

2014 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

# گىلەم ئۆلدى

كاۋاپدانىنىڭ تۈتۈنى
يازماقتا ئەگرى ـ بۈگرى خەت،
كۆيۈپ چوغلانغان ئۆرۈك ئوتۇنى
قالدۇردى گويا ئۇن ـ تىنسىز ھەسرەت.

قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ئەر
ماڭا قارىدى بىرنېمە دېگەچ،
موماي تىڭشايتتى كاۋاپ يېگەچ.

— تالادىن كىرسەم، ئەۋرەز تېشىپ
مېھمانخانا ئۆي بوپتۇ ۋەيران.
— ۋاي جېنىم بالام
چوڭ گۈللۈك گىلەم ئۆلدىمۇ ئىسىت!

مەن گويا ناتونۇش بىر ئەلدىكى
قەتلىئامنى ئاڭلاۋاتقان چەت ئەللىكتەك
ئۇلارنىڭ پارىڭىنى تىڭشىدىم جىمجىت.

كوچىدىكى كىشىلەر
ئۇياندىن بۇيانغا ئۆتۈپ
بۇياندىن ئۇيانغا ئۆتۈپ
ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقاندەك.
بازار خۇشاللىقىمىزنى بېسىپ
چۈجە چىقىرىۋاتقاندەك.

چۆچەكلەردىكى ياساۋۇللار يۈگۈرەتتى
قورقۇپ ئىشتانغا چىقىرىۋاتقاندەك.

زېمىندىن توپاننى چىقىرىۋەتكەندەك
تۆت ئەتراپ نەمخۇش، تىنچ ۋە گۈزەل...

تۇپراق ئۆلدى،
ئاندىن تىرىلدۈرۈلدى.
گويا يېپيېڭى، چەكسىز گىلەمدە
گۈللەر چوڭ ـ چوڭ ئېچىلىپ تۇردى.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

# سەھرادا يالاڭئاياغ مېڭىش

بىنالار قىستاپ كەلگەن تاش ئارىلىقتا
بىر باش پىيازدەك قايتتىم يۇرتۇمغا.
قايتتى تاپىنىم
بالىلىققا،
قۇمغا
ئىسسىق توپىغا.

يېزىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا،
ھاۋادىكى قۇشلار ئىزىدا،
ياڭاق دەرەخلىرى چازا قۇرغان.

چۈژگۈن قوناقلارنىڭ ئۇچىدا،
سەككىزىنچى ئاينىڭ دوقمۇشىدا،
ئەرۋاھلار قىستىلىپ تۇرغان.

قويۇلغانسېرى ئاز قالدى كۈندۈز،
سۈيۈلغانسېرى ئىچىمدە مەن يوق.
جىگدىلەر مايماق، دېھقانلار تۈپتۈز —
مېڭىپ يۈرگەندەك روھلار يوپيورۇق.

باغدىن چىقساق
سۇ يورۇتقان ھويلىغا،
ئات ئويناق، قوتان ساق، قويلار ئاق.
ئايلاندىم ئىگەمنىڭ قارا قويىغا،
بولدى جايناماز كەڭ كەتكەن يايلاق.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

# تام

ئاپتاپ،
يىرتىق كوچىلاردىن
چىقىۋاتقاندا يىپ تارتىپ ئاپئاق،

كېتىۋاتقاندا ئېگىز ئۆتموشكە
پەستىكى لاي ئۆيلەر ئاقساپ - ئاقساپ،

كۆك ئاسماندا
بىرنەچچە ئاق ئەرۋاھ
قەدەملىرىنى توختاتتى.

تامدا
ئېتىك پەنجىرە،
تۇرمىگە ئوخشايتتى.

تۇرمىگە ئوخشىمايتتى يەنە بىر ياندا
گۇل تەشتەكلىرى تولغان مەنزىرە.

جان قورغان،
بىر جان — بىر قورغان
مىسكەر، ئوقەتچى ھەتتا قەلەندەر.

ئۇشتۇمتۇت يەنە بىر تاشلىساڭ نەزەر،
رەسىدە بولغان قىزچاقلار چىقار
رەسىمدە قالغان جانان كوچىدىن.

مەڭگۈلۈك جانان ئىشىكنى ئاچتى،
كۆردۈق قايتىپ كەلگەن قۇياشنى،
خەۋەر يوق بايا كەتكەن يولۇچىدىن.

2014 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

# گۈل ۋە مەقبەرە

گۈل ماڭدى
قىزىل رەڭدە،
شەھەر چېتىدىن كۆز ئىچىگە.
ئەي، ئۆلۈك بەندە! ئاۋازىڭ مەندە،
سەن تىنغان ھاۋا ۋە سەن ئېيتقان تىلدا
مەن سۆكۈتۈڭگە يېتىپ كەلگەندە.

دوغ ئىچىۋاتاتتى
قاناتلىرى سۇپسۇزۈك كىشى،
ۋىگىلدىشى ھۆل، چىنىدە بېشى.

ئۆلۈكنىڭ نامىنى ساتقۇچى ماڭا
ئىشىك بېلىتى سۇنۇپ بەرگەندە،
ھازىردىن ئۆتمۈشكە ئېچىلدى ئىشىك.

ئادەملەر ئېتىك،
ئۇستىدە يوپۇق.
مازاردىن مەن تىرىك چىقىۋاتقاندا
بازاردىن قايتقان ئەرۋاھلارنىڭ
قەبرە خېتى تۇراتتى يوروپ:

«— ئاللاھنىڭ ئاشىقى بولغان ئۇشبۇ زات،
ئەلنىڭ مەشۇقى بوپ ئۆتكۈزدى ھايات.»

قىزىلگۈل غۇنچىسى پورەكلەپ تۇراتتى،
بىرى هاۋادىن پات ـ پات پۇرايتتى.
شامال چىقتى دەپ ئويلىغان كىشى
كىم چىقاردى دەپ يەنە ئويلايتتى.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

# تۆمۈر ئاشقى

تاغلار تاۋۇتى
ئۆزى كۆتۈرگەن.
تاغ باغرىدا قەد كۆتۈرگەن
بىز كۆرگەن دىۋە ياكى سېھىرگەر
ئىكەن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى.
گۈرۈلدەپ كۆيەر پېچنىڭ ئوتى
سۈيۈق بەدەن —
ئېرىگەن مەدەن.

ئۆمۈرنى ئۈپراتتۇق
تۆمۈردەك خۇددى
ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈرۈپ بەرگەن.

بىز قۇيۇنتازدەك پىرقىراپ كەلگەن،
باي زېمىننىڭ بالىسى رۇدا —
تاشلاردىن خىلمۇخىل چاپان كىيگەن.

كەسكەن تاشلار ئايرىلىشاتاتتى،
شاراقلىغان تاشلاردا رۇدا.
چىشلىق چاقلار ئايلىنىشاتاتتى
شاخارلار چاقنار يۇيۇلۇپ سۇدا.
ئۇزۇلۇپ، تېشىلىپ، ئۇپراپ تاڭ ئاتتى
تاسمىلاردا، بۇرما مىخلاردا.
كارخانىچى، بىزنى ئويغاتتى

تاشنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ
چىقىرىپ ئۇي تاغنى ئويمان گۆرىدىن،
قاتتىق جىسىمنى قاپلىق روھىدىن.
بىز ئىس چىقارساق قارا مورىدىن
ئىش چىقتى قولىدىن
پەخىردىن ھاجىمنىڭ،
چىقتى قۇدرەتلىك ئىغىر سانائەت.
زاۋۇتتىن چىققان پولات چىۋىقتىن
پۈتمەكتە بىنالار ئىگىز، ئالامەت.

كۆرسىتىۋاتقاندا سىختا ئۇ بىزگە
سۇدەك سۈيۈقلانغان تۆمۈرنى،
ئەزان چىقتى تىلىدا سۇنىڭ،
كۆردۇق بىز ئۇنىڭ
دىلى سۇدەك ئىرىگەن ھالدا
تەلپۈنگىنىنى قۇشتەك ئىگىزگە.
ئىزدەپ ئالەمدىن مەڭگۈلۈك دالدا
كۆرسەتتى تۇۋرۇكسىز ئاسماننى بىزگە
ئالەملەرگە ئىگىلگەن ھالدا.

داتلاشقان تۆمۈردەك غەپلەتتە قالغانلار
ئۆمرى ئۇپراپ يىگىندەك قالغانلار
قارىغۇلارچە ئىزدەر
تۆمۈرنى كاندىن، ئۆلۈمنى جاندىن
تاپالماي ئاندىن مەنبەسىز بىز دەر...

※ ※ ※

ۋەتەنىمنىڭ ئانا تاغلىرىغا
تولغان رۇدا، «بىز تولغان قىز» دەر.
تاغلاردىن، تاشلاردىن، مەنبەنى ئىزدەر،
قەلبىگە ئاشىقلىق سىڭلىنغان بىر ئەر.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

# مۈشۈك پىياز يېگەندەك

ئىچ پۇشۇقى
مۈشۈك پىياز يېگەندەك
ئاز - ئازدىن يەپ بولاي دېدى
ئاق قەغەزدىكى قاراڭغۇنى،
ئىسمىمدىن ئاققان سۇنى
رەڭسىز، ئاۋازسىز چاچماقتا پولغا.
ئىشىك، دېرىزىدىن كىرگەن كۈن نۇرى
سايەمنى ئۇشتۇمتۇت ئالارمۇ قولغا؟

نومۇر تاختىسى باشقىچە بىر جىپ
سىلىپ ئۆتمەكتە ۋەھىمە يولغا.

كۆك تاكسى تىللاندى «كۆك پىت» دەپ
تىللىغان توك هارۋا ئۆزى سۇۋەرەك.

تام تۆشۈكىگە كىرىۋالسام
ساراڭ قىلىۋېتىشى مۇمكىن بولغان تام.

سۇدىن سۇزۇۋالغان جىمجىتلىقىمنىڭ
ئىچىدە بېلىقتەك ئۈزۈپ يۈرەر غەم.

كېلىۋاتاتتىم خالتا كوچىدىن
ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى بىردىن.

ھەممە ئاۋازنى تىڭشىغۇتتىم،
ئۆيۈمدىن ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كەتتىم.
ئۆزۈمنى بىر تالمۇ ئاشۇرۇپ قويماي
گۈللۈك گىلەمگە بىرىۋەتتىم.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

# تۇپراق بېشىدا

قېشىمدا
دەرەخلەر قاتار ـ قاتار
ياساشتىن بۇرۇنقى كارىۋات، ئورۇندۇق.
ياشاشتىن زېرىككەنلەر ئارام ئالار
سوزۇلۇپ يېتىپ، تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ.

ھاياتنىڭ تېشىدا
كېتىۋاتقان
توپ ـ توپ كۆرۈنمەس ئادەم.

توپىلار توزۇپ
ئۇچتى ئاسمانغا.
ئاسمان بىلەن يەر تۇتىشار
بىز باردىن يوققا قەدەم باسقاندا.

چۈشتىن كېيىننىڭ ئىچىگە كىرسەم
كۆرۈنۈپ تۇرار ئارتۇق نەرسەم.

دىگەر ۋاقتى بىلەن قەسەمكى
مەندىن ئىككى ھەسسە ئۇزۇن سايەم.
سايىدەك ئۆمۈر ئالدىدا مەن يوق،
قەلەم تەۋرەتكۈچى مەن توغرۇلۇق
يازار ئاخىرىمنى ئاسماندا تۇرۇپ.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

# دادا قوشۇق شەيخ

مامۇت ئاقساقال ــ
يۇرتنىڭ چىرىغى،
توقسان يىل بولغان يېنىپ تۇرغىلى.
ئەڭ ياش ئوغلى ــ
بېغىدا تۇرغان
بىر تۈپ قېرى ئەنجۈر دەرىخى.

ئۈنىڭ ياشلىقى ــ
كۆندەك توقاچ نان،
ئانىسى كىيىملەرنى خۇش بولسۇن دەپ
كىيىم بار ئىشكاپقا تىقىپ قويغان.
شۇ تۈنۈگۈنگە يەتمىش يىل بولغان ــ
دادا قوشۇق شەيخكىچە
ئون ئەۋلادىنى بەردى ساناپ.
ئۈنىڭمۇ ئالدى، ئۈنىڭمۇ ئالدى
ئادەم ئاتىدا قالىدۇ توختاپ.

ئادەمنىڭ يىلتىزى تۇرىدۇ چاقناپ
ئەنجۈر شاخلىرى ئارىسىدا.
ئالەمنىڭ يىلتىزى سەندىن بىر چاقماق
بىز ئۈنىڭ سايىسىدا، سايىسىدا.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

# ئۆستەڭ بويى كوچىسى

هوي، بۇ نېمە توۋلاش؟
چىۋىنلەر ئولاش ـ چولاش
يازنى قوراشتۇرماقتا،
تىك، پاراللېل يا قىيپاش
ئۆزلىرى تېرىپ كەلگەن ھەرخىل پۇراقتا.

ئىككى ياقتا تۇرىدۇ
بىنالار غېرىبقىنا.
ئىچىگە كىرىپقىنا زەنجىر بەنت بولغان سۇ
كۆچ ـ قۇدرەتتىن، ھەسرەتتىن ئىچى يورۇپ تۇرغان سۇ.

بىر تاش ئۆستەڭ
ئاقماقتا كوچىدا
ئاقماقتا قۇرۇق ئىسمى بىلەنلا.

چىقتى ئەنجۇر ساتقۇچى
قولىدا سېۋەت كۆتۈرگەن.
سېۋەت ئۇستىدە ئەنجۇر ياپرىقى
ياپراق ئاستىدا مەي بولغان شېئىر،
ئۇلۇغۋار شائىر يېزىپ بەرگەن.

ئۇنىسىز ئاقار ئىسمى باشقا سۇ.
ئۇ
ياز شامىلىنى قويۇۋەتتى،

ئىشكى ئوچۇق تىنجىق كوچىغا.
ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇراتتى
مەڭگۈلۈك سەپەردىكى يولۇچىغا.

2014 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

# سۇلتان سۇتۇق مازىرى

ئۆلۈكلەرنىڭ بازىرى
تىرىكلەر كۆرمەيتتى، كۆرمەيتتى.
دوغچىنىڭ چاڭقاق ئاۋازىدىن
ئەتراپقا بىرلىك توپا ئۆرلەيتتى.

تاۋۇز ساتقۇچىنىڭ تەرلىگەن يۈزى
ھاۋانىڭ يورۇق ئەينىكىدە
تىلىنغان تاۋۇزدەك ئەكس ئېتەتتى.

دەرۋازىدىن كىرىشىمىزگە
لەيلى گۈلى
ئوتتەك سالام يوللىدى بىزگە.

بىز
گۈل بەرگىنى ۋاراقلاپ
كۆرگىنىمىز نەم، قىزىل ئىز
شەبنەم يازغان سەھىپىلەردىن.
سۇلتان ھېچ يەرگە قاچالمايتتى،
قەبرىسى بىلەن قوپۇپ يەردىن،
رىشاتكىلار تۇراتتى ساقلاپ
قول قېنى؟ قىلىچتەك ئوينىغان ئاپتاپ
قۇياش يورۇتقان ئەسلىمىلەردىن.

گۈمبەز ئۈستىدىكى يېشىل ئاسماندا
تەنھا بۇركۈتنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى

نىگاھىم بىلەن ئۇچراشتى لەپ ـ لەپ
كۆردى بۇركۇت ياقام ناۋات رەڭ.
ئېتەكلەر ياقا ياقىلار ئېتەك ...

ماشىنا قوزغالغاندا
ۋادەكتىن بىر ئەرۋاھ قاراپ تۇراتتى
بىر نۇردىن تېخىمۇ ئېگىزدىكى
قۇياش ۋە ئاسمان يورۇپ تۇراتتى.

2014 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.

# قۇمچاق

كۈزنى تۇتماقچى بولاتتىم
قوغۇن پۇرىقى كېلىۋاتقان
شېئىرنىڭ جەنۇبىدىن.

قولىلىرى لاي رەڭ
يولىلىرى توپا
مەرى ئىسسىق قارا قۇمچاق قىز.

تۇيۇقسىز چىقتى پاقا
دىك - دىك سەكرەپ
هويلىدىن باغقا.

بەك كىچىك بېشى،
پۇتلىرى ئىنچىكە يېتىلگەن،
يېتىلمىگەن كۆرۈلدىشى،
ئۆمىلەۋاتقان بوۋاق ئىكەن.

بەك ئوماق ئىكەن،
دىككىدە قىلىپ
كىرىپ كەتتى گۈگۈمغا.

مەنمۇ خۇشال كىرىپ كەتتىم
ئىشىكتەك ئوچۇق مەۋجۇتلۇقۇمغا.

2014 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

# شېئىرنى قانداق ئوقۇش كېرەك

ئاۋۋال سۆزلەرنى ئېزىش كېرەك
سۈيى چىققۇچە
ئانام سىركە سىققاندەك،
كۆك ئۈزۈمدىن.

سورايمەن بىر ساپاق تۈننىڭ تەمىنى
سۆزلەرگە ئېسىلىپ قالغان ئۆزۈمدىن.

قانداق ئېغىز تېگىش كېرەك؟
بەك چۈچۈمەل بولسا ھەسرەت،
بولسا ھال رەڭ، دۈپدۈگىلەك.

ياغلىقنى  قانداق چىگىش كېرەك؟
سىڭلىم چىقماقچى بولۇپ كوچىغا
گۈل ياپرىقىدا يۆگىسە ئېڭەك،
تىكەن سانجىلسا قول ئۇچىغا.

كۆڭلەكنى قانداق كىيىش كېرەك؟
ياقىسى ئېتەك بولسا،
يەڭلىرى يىپەك بولسا.

سۇ ئۆزىنى تونۇيالمايدۇ
كۈندۈزدە قارا بېسىپ، جۆيلۈپ كېتىپ.
سۈنى قانداق ئىچىش كېرەك؟
— يۈيۈۋېتىپ.

بىر ۋاراق ئاسمانغا يازغاندا سەن
قارا سىياھدا،
قاپىيەسى ئاي.
شېئىرنى قانداق ئوقۇش كېرەك؟
ـــ ئۇخلىماي.

2014 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

# چۆجه موللامنىڭ مانتىسى

تاشتىن قاتتىق يۇرت
سۈيۈقلانغان ئەسلىمىسى
رەڭسىز رەسىمدەك كونا يىللاردىن.

ئۇشتۇمتۇت
يۈرىكىمگە تۇتاشتى ئوت
ئاتۇش تاتلىق يۇرت.

چۆجه موللام
چۆجه موللام
گۆردىكى ئۆلۈكلەر تاماق يېسە
مانتىدىن باشقىنى يەرمىدى؟
سەن ئەتكەن مانتىنى دېمىسە
يەكشەنبە بازار، كەلمەي خېرىدار
قاسقاندەك سوۋۇپ كېتەرمىدى؟

دېھقان ئاق قوناقنى سېتىپ بولۇپ
يۈگۈرەر قاسقانغا مانتاڭدىن بۇرۇن.

باغۋەن ئەنجۈرىنى پۇل قىلىپ بولۇپ
ئاشخاناڭدا مالتىلار قويۇن.

بىر يۈدە ئوتۇننى يەرگە قويۇپ
ئوتۇنچى بوسۇغاڭدا قىسار بويۇن.

يەپ باقمىغانلار پۇشايمان يەيلى
قىيما قىلىپ ئاچچىق يىللارنى.

چۆجە موللامنىڭ ئەرۋاھى،
شاھى قۇياشتىن تاج كىيىپ
يول ئالغان قەدىمكى ئاسمانغا.

داستىخىنى كەڭ، شاھانە يۇرت.

قول سۇندۇم بىسمىللاھ دەپ داستىخانغا،
رىزىق بەرگۈچى تارتسا ئۈشتۈمتۇت
ھەممىمىز زار بىر بۇردا نانغا.

سۆزلەرنى ئاسماندىن ئۈزۈپ بىر - بىر
ئۇيغۇر تىلىدا تىزدىم قاسقانغا.
مەن جانغا تېگىشكەن ئىسسىق شېئىر
بولارمۇ ناشتا كىتابخانغا؟

2014 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

# ئەنجۈر پىشتى

ئوڭ قولۇمنىڭ چۈشى:
كۆمۈلگەن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ
يوپيورۇق ئۇستى
يېشىلغا ئايلانغاندا،
شاخ ـ شاختا مانتا
باغۋەن ئەتمىگەن.

ياز بىلەن كۈز كەتسىمۇ ئاستا
يىل بويى ئېغىزدىن تەمى كەتمىگەن.

تۇغۇلماستا
ھېچكىمنىڭ قولى يەتمىگەن،
ھېچكىمدىن تەخسىرەت يەتمەيدىغان
ھاۋادىكى ئالتۇن بوۋاقلار.

يۆگىكى يوپۇرماق، ئاق سۈتى ئاپتاپ،
مەن غەمكىن ئاتا كېلىمەن ئاقساپ.

پىشتى ئەنجۈر جەننەت مېۋىسى.

شامالنى ئەۋەتتى تاغ تەرەپتىن،
چىقتى ئەنجۈر جەننەت مېۋىسى.
ئىسمى چاقىرىلسا باغ تەرەپتىن
چوغنى پاختىدا ساقلار ئىگىسى.

مېۋىسىمان ئوچۇق ئەۋرەتتىن
پىشقان ئادەمنىڭ كەلدى يېگۈسى.

ئەنجۈر سورىدى ئۈيغۇر بوۋايدىن
مېنى ئۈرگىنىڭ نېمىسى؟

— سەن بوۋىمىزنى ئازدۇرغان مېۋە
يېيىشتىن بۇرۇن بىر شاپىلاق يە!

جەننەت سىماسى ھويلىمىزدا،
ساماۋى خۇشاللىقتا ھاياتىمىز.
قىشتا ئەنجۈر كۆمگەن قولىمىزدا،
ئەتىيازنى چىچەكسىز ئاچىمىز.

2014 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

# شامالنىڭ ئىچىدىكى

— شامالنىڭ ئىچىدىكى كىم؟ دەپ سورىسام
زۇۋانغا كەلدى تام،
— مەن ئەمەس، مېنىمۇ لايدىن ياراتقان.

سورىدىم، شامالنىڭ ئىچىدىكى كىم؟
چاقى توپىدا، شامال توختىدى.
شامال قوزغالدى، ئالدى ـ كەينىدىن
ئىتتىرىۋاتقان ئادەم يوق ئىدى.

كۆرمىدى ئادەم،
ئادەم قورقمىدى.
لېكىن شامالدەك ئۇمۇ توختىدى،
كۆزدىن يىتىپ كەتتى، يوقىدى.

2014 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

# ۋاقتنى ماڭدۇرغۇچى ۋە توختماي قول سائەتكە قارىغۇچى

مەڭگۈنى كۆرسەتتى
بارمىقىم ئۇچى،
ئەتىگەن سائەت ئۇچتىن ئۆتكەندە،
ئاسمانغا ماڭغاندا بىر يولۇچى.

ئىككى غاز تۇخۇمى ئۆتكەندە ئۇچتىن،
ئۆسكەندە بىر تۇپ تەتۇر سۆگەتتەك
قۇيرۇقۇم كىچىنىڭ ئوتتۇرىدا ۋە
كارىۋىتىمدىكى ئايال يوق يەردە.

ئاممىياك پۇرىقىدىن قورقۇۋاتىمەن.
سەن
نەيزىدەك ئۆسكەن ساقىلىمدىن قورقۇپ،
مەن
كىيىملىرىڭ ئىچىدىكى ھاڭدىن قورقۇپ.

كۈن توغرۇلۇق زورۇقۇپ يازغان مىسرالىرىم
دىرىزىدىن ئۆتۈپ كۆرپەمنى قانغا بويىدى.
گىزىتكە ئورالغان ئىسسىق گۆشنانىنى
ماڭا سۇنغۇچى بىر ئايدىن كېيىن،
جاندىن ئايرىلدى، ئىسسىق جىنىدىن.
قۇلىقىم پىشقان، ئىچىم ئىچىشقان
گۇل پۇرىقىدەك ۋەھىمىدىن.

قەغەزنىڭ پارتلىغان ئاۋازى بىردىن
ئىلھامىم ئېقىپ كەتتى بىكاردىن.

قارا سىياھ ئىچىدە بىرنەچچە ئادەم مىدىرلايتتى.
مەن توپا ئىدىم، مېنى مىدىرلاتتى،
مەن مېۋە يېدىم، ئۇرۇقلىرىم جىمىرلايتتى،
مەن جەننەتتىن قوغلانغانىدىم.

ئەزان ئاڭلاندى، كېلىۋاتاتتى جەننەت ھىدى،
ئۇستىگە ئاي ئورنىتىلغان قۇرۇلۇش.
كۆك گۈمبىزى ئوچۇق ئىدى،
ئاسمان جىسىملىرىدا شىددەتلىك بۇرۇلۇش.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن
بىر قىزىل گۈل ئۆتكەندە،
قۇياشتەك كۆيۈۋاتقان بىر كىشى
سائىتىگە قارىدى.

2014 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

# مېنىڭ قوشنام ساقچى

گېنشۇناس ئالىم نېمە قىلماقچى؟
ئافرىقىدا ئۆسكەن ئاق گۈلنى
يات تۇپراقتا يۆتكىگەندە
بىنەپشە رەڭدە.

مەن چىققاندا كارىدور غەمدە،
مەن قويۇپ قويغان بىر تەشتەك گۈل
ماڭار يازغا تەڭكەش قەدەمدە
بىنەپشە رەڭدە.

بىر تۇپ دەرەخ چاقىرىلغاندا
يوپۇرماقلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرەر.
بىر توپ ئادەم چاقىرىلغاندا
كۆز كېلەر،
توغراقلاردەك ئورتاق بىر نامغا.

قۇرغاق يىللاردا مەن قېرى بېلىق
ئۇلار ئۇچۇپ كەتتى ئاسمانغا.
سۇلار قاچماقتا جۇمەك يېرىق
ھاجىتىم چۈشتى تام قوشنامغا.

يېتىپ كەلگەندە ياردەمگە ئۇ
يان قورالى كۈلۈچ ئىدى.
يەنىلا ئايال، ساقچى ئايال،
ئورۇلدى بۇرنۇمغا ئەتىر ھىدى.

مۇزدەك تام،
تاپانچا تەڭلەپ تۇرغان غېرىبلىق.
ئايال قوشنام
ساقچى فورمىسىنى سېلىپ،
ئۇخلاۋاتقاندۇ بىنەپشە رەڭ،
تىكىنىگە ئۆزى سانجىلىپ.
بەرگىلىرىنى ئۇزۇۋەتسەم...

سامادىن مۇقەددەس تۇزۇم چۈشۈرگەن،
ئۆز ئوربىتامدا يۈرەرمەن لەيلەپ،
ئەڭ كىچىك گېپىن زەنجىرى تۇزۇپ بەرگەن،
ھاياتنى قايتىدىن تۇزمىسۇن دەپ.

ئاسمان غىچىرلاپ ئېچىلىۋاتاتتى،
چىقىۋاتقان زەنجىر بەنت كۈندەك.
يازسام پىكرىم چېچىلىۋاتاتتى،
يېغىۋاتقان بىنەپشە گۈلدەك.

2014 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

# كەلپىن چامغۇرى

ئېتىزدا نۇرى
يۇلۇنغان قىزغۇچ باشلارنىڭ.
بولماي بىر باش كەلپىن چامغۇرى
بولغاي قىشتا نېمە ھۇزۇرى؟
قۇيۇق ياكى سۇيۇقئاشلارنىڭ.

ئۆيۈم بىپايان
ئۇستەلدەك قاچسام،
مۇساپىر قەلەم قەغەزنى ھۆللەر.
ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى ئاچسام
يۇگۇرۇپ كەلدى ئالدىمغا چۆللەر.

قۇياش يالاڭباش، يالىڭاچ زېمىن
دەرۋىشتەك ئەرلەر يۇكسەككە ئۆرلەر.
بوستان چاچ قىزلارنىڭ ياغلىقىدىن
ئېچىلىپ تۇرار رەڭمۇرەڭ گۇللەر.

چۈش كۆرەر
چامغۇر كۆكى،
يەر ئاستى شەھەردە كېتىۋاتقاندەك.
يورۇق يۇزىدە قورۇقى، تۇكى
قۇياش ئېتىزغا پېتىۋاتقۇدەك
ئۇستىدە بىر تاغار ئالتۇنى ـــ يۇكى.
تاجىسىز بىر كىشى چىقىۋاتقۇدەك

دېھقان مەن بۇ يەرنىڭ پادىشاھى دەپ.
ئۈستىبېشىنى قېقىۋاتقۇدەك
قوپ، توپىدا ياتقان ئاقسۆڭەك!
دېھقان مۇلايىم ئېڭىشىپتۇ،
ئاندىن چامغۇرلار ئورنىدىن تۇرۇپ
ئوتياش بازىرىغا مېڭىشىپتۇ.
ئوخشاش بولسىمۇ چامغۇر، ئاق تۇرۇپ
نەرخىنى يامبۇغا ئېلىشىپتۇ...

ئەسسالام يولۇچى نەدىن كەلگەن بول
يات ئەمەس ئادەم، ئادەم ئاتىمىز.
يىپەك يولىدۇر قەدىمكى بۇ يول،
ئىشىكلەر ئوچۇق قونساڭ ياتىمىز.
ھەممىمىز چامغۇر
يۇلار يەردىن كۆرۈنمەس بىر قول،
كۆك ئاسمانغا يىلتىز تارتىمىز.

2014 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

# جەنۇب شېۋىسى

بېشى، يوپۇرمىقى، غوزىكى بار،
ئېتىزدىن ئۈنگەن ساناقسىز كىشى.
ئىزدەپ ماڭغاندا ئۆز - ئۆزۈمنى مەن
سۇدىن ئاڭلاندى قەدەم تىۋىشى،
جەنۇبتىن كەلگەن سۈيى يوق كىشى.

قۇرغاقچىلىق توختار،
يامغۇر — كىرپىكتە يېزىلغان خەت.
سۆزلەرنىڭ مېڭىشى كىمگە ئوخشار؟
مەنە كىيىم كىيىپتۇ رەت - رەت.

پېشانەم ئويمان - دۆڭ،
ئۆڭۈم بۇغداي ئۆڭ،
شېئىرىم بۇغدايدىن ئالغان مول - ھوسۇل.

كەلدىم شىمالدىن، يامغۇر، شامالدىن
جەنۇب ئىسسىق قۇچاقلار مېنى.
تەلەپپۇزۇمدا، يىگەن تۇزۇمدا
قۇشقا ئوخشاش كۆتۈرۈپ يۈردۈم
ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئېغىرلىقىنى.

«قۇش مېڭىسى بىلەن
ئىش ئىگىسى بىلەن».
دېھقاندەك تىنىمسىز ئىشلەيدۇ مېڭەم
نەدىن كەلگەن، كىم تېرىغان دەپ،
جەنۇبنىڭ تومتاق شېۋىسى بىلەن،
سېنى توختىماي ئىزدەيمەن ئىگەم.

2014 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

# قىشلىق چاق

كەينىدىن قارىغاندا،
ئوتتۇرى ئاجرالغان قىزىل ئاي —
كېتىۋاتقاندا مۆدۈرۈپ قاردا،
قىزىل پوپايكىلىق قىز دەپ ئاتالغاي.

كەينىدىن قارىغاندا
دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ
مۇزدا كېتىۋاتقان ماشىنامغا،
قارىغان ئاق قۇشقاچ كەتتى ئۇچۇپ
تېيىلىۋاتاتتى چاقلار بىر يانغا.

قارىدىم مۇزدەك سۆزلەردىن
يات تىلدىكى ئۇستام بار ياققا،
ئۇ ماشىنامنى كۆتۈرۈپ يەردىن
دامكراتتا،
ئالماشتۇردى قىشلىق تۆت چاققا.

ھاياتقا تېشىدىن قارىغاندا
ئۇپرىسا تەن
مەڭگۈلۈك سەپەرگە ماڭغان جاندا
ماشىنا مەن
چاقلىرىم يەڭگۈشلىنەر ئۆلۈم بىلەن.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

# پارچە ساقال

بار مۇنداق ماقال:
«ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت».
ئۇزاتقاندا بىزنى ئاق تاغلار
ساقلاۋاتقان قىش ئۆچرەت.
تار جىلغىدا
ھېلىغىچە تۇزەلمەي بىر سەپ
پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان چىغلار؛
سۇ ئۆز ئىزىنى ماڭغاندا ئىزدەپ
ئادەمسىز، قەبرىسىز بىر ئېقىن يىغلار.

غېرىبلىقنىڭ شېۋىسى قانچە؟
بوران غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا،
ھاۋا، سۇ، تۇپراق سۆزلەر تۇرپانچە،
تەلەپپۇزى بىز چالغان سازدا.

پارچە ساقال، ساقال پارچە،
ئاي ئىككى پارچە، خىيال قانچە؟
ئايال ئايدەك ئىككى پارچە
سۇنار يىگىنەم يامىغانچە.

ئالەم كىتابىدىن پارچە ـ پارچە
زامان، ماكان، ئىنسانلار، بارچە...

2015 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# كىيىم

چاپلاشتى ماڭا رودۇپايدەك.

بويۇم ئېگىز
ئۆلۈمدىنمۇ،
ئازابىم كېلەڭسىز، ئېنى كەڭ، سېمىز،
يالىڭاچ ھالىتىم ئادەممۇ، جىنمۇ؟

تاپىنىغىچە ئۇرالغان كېچە،
تىلسىم گۈزەللىك ئاي چىققان تۇرقۇڭ.
لەيلەپ قالىمەن كارىۋات ئۈستىدە،
بوراندا يىرتىلغان ئاق يەلكەن — ئۇيقۇم.

ئويغانسام
كۈن ئالتۇن رەڭدە،
كىيىۋاپتۇ كۈندۈز ئىچ كىيىم.
ئېگىلگەندە،
كۆرۈنۈپ قالار ھەممە ئەزايى —
بېلى
ئەگمىلىرى،
ئويمىقى گاھى.

ئۆچكە — جۇۋىلىق، ساقاللىق كىشى،
ئامالسىز تىك ياردىن سەكرىگەندە.
مايمۇننىڭ ئىشتان بىلەن نېمە ئىشى؟
پەلتۇلۇق قاغا قاپقارا غەمدە.

زىياپەتتە مەن،
ئەقىدە — تاج، تاجىم بېشىمدا.
ھەممىدىن بەھۇزۇر ھەمدە كاتتا مەن،
پاكلىق نۇرى چاقنار بېشىمدا.

شۆپۈكلەر — مەن مېۋە يېگەندە
ئالدىراش - سالدىراش سالدۇرغان كىيىم.
غايىبتىن بىر ئاۋاز يېمە دېگەندە،
شەيتىنىم كۆرسەتتى بودەك ھەم شېرىن.

چەكلەنگەن مېۋىگە قول ئۇزاتقاندا،
ئادەم ئاتىمىز قىپيالىڭاچ.
ھاۋا تەڭرىدىن ئۇيالغاندا،
ئۇيات يېرىدە بىر تال يوپۇرماق.

كىيىمىم ئەت رەڭ،
بىر كۈنى تۇيۇقسىز سېلىنۋېتىمەن.
ئاندىن غەم ۋە شادلىقتىنمۇ كەڭ
پەستىكى ئاسمانغا كىرىپ كېتىمەن.

2014 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

# چۈشىن دورىسى چاچقاندەك

ئاچقاندەك
بىر يېزا ئىككى قانىتىنى.

ئاچقاندەك قىزغۇچ ھاياتىنى
قوناق پۆپۈكلىرى شامالدا.
سۇنىڭ مىڭ جېنى
ئىزدەر بىر دالدا.

ئاق بۇلۇتلار سۆرەيدۇ،
ئىگىسىز موزاي مۆرەيدۇ،
ئاۋازى ئويمان ـ دۆڭ.

دۆڭدىن چۈشسەم سۇيۇق رەڭدە،
ئاي ــ تۇل خوتۇن، كۆزلىرى مەندە.
مەن سۇندۇكتەك سۇ ئىچكەندە
جۇمەكنىڭ تۇمشۇقى يالغان.
لايدەك ۋەھىمەمدە
قۇش ئىزى قالغان.

ئىككى قۇلىقىم ئاڭلاپ بىر نۆۋەت
ئىلھامىم بەش كۇنلۇك قاچقاندەك.
مازاردىكى بىر تۇپ سۆگەت
قوللىرىنى دۇئاغا ئاچقاندەك.

ئاسماندىن چۈشكەن كىتابنى ئاچتىم،
تور، تۆشۈك كېچىدىن، دۇنيا ئىشىدىن
ئۆلۈم يوق يەرگە گىزىلداپ قاچتىم.

2014 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

# كېپىل ئىزدەش

كۇز قويغان ئالتۇن پەش
دەل - دەرەخلەرگە،
شېئىردەك گۇزەل سەھەردە.

جەنۇب قۇشىدەك كەلسەڭ ئەگەردە
چاڭگا تىزغىلى بۇ شەھەردە،
كۇندۇزلەر يىرتىلغان پۇرلاشقان ئاق بەت،
سەن كېپىل ئىزدەپ، مەن قاپىيە.

قاپىيەگە چۇشمىگەن سۆز سەن،
كىرپىك بىلەن قورشالغان كۆز مەن
كۆككە بويۇن قىسىپ قارىغاندا.

قېنى بىز يالغۇز قالغاندا،
قىزارغان كۇندەك نان ياققانلار؟
ھارۋىغا تۆت پەسىل تىزغان باققاللار...
ياق، ياق، بۇلا ئەمەس، ھەممىسى،
بۇلا ئەمەس، تۇرمۇش مەنىسى.

ئالدىمدىكى قەغەزدە
سۆزلەرگە ئىسسىق ئۆتۇشۇپ تۇرار،
كۆزلەر كۆرمەس، سۇركىشەر، پۇرار،
سىياھى ئاق، ھۆل بولار، قۇرار...

ياق ـ ياق،
شېئىرنىڭ بىردەملىك مەنىسى بولار.

مەن سۆزلەرگە بولۇپ كېپىل
يوقتىن بارنى كۆرستىمەن.
ئىسسىق جاننىڭ ئىگىسى بىر،
قورقما، مەڭگۈلۈكنىڭ ئىچىدە سەن.

2014 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

# تۆت تۇپ دەرەخ

ئېچىلغان زامان كىتابى،
زامان بىرمۇ، ئىككىمۇ، ئۈچمۇ؟
«يول ئازابى گۆر ئازابى»
هايات سەپەردە كۆرگەن چۈشمۇ؟

سايدىن يۇگۇرۇپ چىقسا تۇلكە،
توپا چىرايغا يۇگۇرەر كۈلكە.
سايدىن ئۈزۈن ئەسلىمىلەر
ئايلىنار كېيىنچە بىر ياۋا گۈلگە.

چۆل ئىچىدىن هۆركىرەپ چىققان
كۆزىنىڭ ئېقى پۈلتىيىپ چىققان
ماشىنىنىڭ قورسىقىدا،
هەزىم بولمىغان ئۈچ ـ تۆت كىشى.
قىيسايغان بېشى،
كۆزىدىن تۆكۈلۈپ چۈشەتتى چۈشى،
شامالنىڭ خاتا يۆنىلىشى،
بىزنىڭ توغرىدەك،
چىقساقمۇ چەكتىن.

سوپەككە بېسىلغان يېسىۋېلەكتىن
يېشىل تۇگمىسى يېشىۋېتىلگەن
غۇنچە بوي چوكاندەك بىرقانچىسى.

سۇر بۇلۇتلارغا بېسىلغان يامغۇر،
ھۆلدەرمۇ بۇرۇتۇمنى بىر تامچىسى؟

يېزىنىڭ ئىسمى
چۈشتى ئاسماندىن
بىزنىڭ بىپايان تىلىمىزغا.
تۆت تۇپ تېرەك تاشلىغان سايە،
توشقۇزدى ئاپتىپىڭنى دىلىمىزغا.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

# قۇم رەسىملىرى

تام تۆشۈكىدە ئېچىلغان ھەسرەت،
مۈشۈك قاراپ تۇرغان كوچىدىن
پەشتاقلارغا چۈشۈۋاتقاندا.

بىر تۈپ قىيىن سىز، يۈزى نېپىز قىز،
كەچكۈزدىن قىزىرىپ چىقىۋاتقاندا.
ھويلىدىكى بىر توپ سەيياھ بىز
قەدىمى ئاستا، خۇشاللىقى تېز.

قۇم قاتما رەسىملەرنى كۆرۈش ئۈچۈن
قۇم كېرەك، كۆز كېرەك، كۆزدە سۇ كېرەك،
كېرەك قۇم تاغدەك ئويغاق بىر يۈرەك.
قۇم كوچا، ئۆيلەر قۇم، دەرەخلەر قۇم،
قىيپاش ئېچىلغان قۇم دېرىزىدىن
ماراۋاتقان كىم؟
كۆرۈنمەس باش.

قۇمدىن ياسالغان ھەممە ئازابىم،
خۇشاللىق ياسالماس ئەزەلدىن مەندە.
بىز شۇنداق ئويلىغان، ئىشەنگەن دەمدە
سىزىلغان بىپايان قۇملۇق كۆپ رەڭدە.

بۇرۇلدى مۇشۇك چەكسىز كوچىغا
نوركا پەلتۇسىنى سىلىغۇيتىپ.
قۇم سانالماقتا،
بىز كېتىپ...

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.

## ئۇرۇق - تۇغقانلار باراۋتتى

قۇلاقلار يورۇپ كەتتى
ئاسمان پۈتى گەپلەرنىڭ
ئاستا ئۆرلىگەن ھىلال ئېيىدا،
يا دەملىگەن چېيىدا
سىگىنى چىقىپ قالغان
ناتونۇش تەمنىڭ.
تونۇش بىر غەمنىڭ،

ھەببەللى،
تۇغقىنىم ئابدۇۋەلى
سېتىۋاپتۇ ئۆيىگە
ئاسماننىڭ كۆك پارچىسىنى.
ئاسما گىلەمدەك قاپتۇ ئۆزىگە
سىيدام كۇندۇز ۋە گۇللۇك كېچە.

مۇشۇكىمىز توختىماي مىياۋلايتتى،
بىسەرەمجانلىق ئۇنىڭ ئىسمى.
سۇزۇك ئۆيدىن دات ئۆيگە قايتتى،
بىراق يوپيورۇق سۇنىڭ ئىسمى.

ئىككى سۇ،
يەتتە سۇ،
ئون سۇ،

قاتتىق، قىزغۇچ قىسمى بۇ
تۇرمۇشنىڭ،
زورۇقۇپ يەۋاتقىنىمىز.
يىللار قۇرتتۇر يۈزىمىزدىكى
ياغاچتەك يۇمشاق يىپىلگەندە بىز.

بىر تۇغقان،
ئىككى تۇغقان،
ئۈچ تۇغقان،
نەدىن كەلدۇق دەپ ئويلىساق؟
يەردىن ئۈنەپتۇق،
يىلتىزلىرىمىز بىر بولۇپ چىققان،
سۇدا ئۆزگەن، ئاسماندا ئۇچقان...

ھەممىمىز بىر بىپايان ئۆيدە،
ھەممىمىزنى قىلىپتۇ تۇغقان.

2014 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

# ۋاننىدا يۇيۇنۇۋاتقان ئىككى ئوغلۇم

قىش پەسلى ئاق قۇم
كىرمەكتە دېرىزە ئاراچلىرىدىن
بىز چۈشكەن ئېگىز مېھمانخانىغا.
ۋاننىدا يۇيۇنۇۋاتقان ئىككى ئوغلۇم
بىر جۈپ نېلوپەرگە ئايلانغانلىقتىن،
نەمخۇش خۇش پۇراق توشتى خانىغا.

سۇنىڭ مارجىنى چاچرىدى تاشتىن
ھاياتىم ئاق مارجان ئۇنىڭ قولىدا.
جۈپلەپ قوللىرىمنى دۇئاغا ئاچتىم،
كۆكتىن چۈشۈۋاتقان كۆك شولىدا.

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

# تۇرپان

قۇياشتىن ئۇزۇلۇپ تۇرپان،
بىر شىڭگىل، بېرىلگەن كۆك كېچىگە.
تۇزۇمى ئۇزۇمدەك ساڭگىلىغان،
كۆك ئاسماندىن مەسچىت ئىچىگە.

تاغلار دولقۇنلاپ،
توختىغان توپان.
كىرسەڭ چوڭقۇرلاپ
دېڭىز ئاستىدا قۇپقۇرۇق تۇرپان.

تويۇپ ئوقۇساڭ خەتلىرى ئاق تۆن،
تۇيۇقتا ماڭساڭ غاردا تاڭ ئاتقان.
ياتقان ئىت چىشىدەك غاردىكى تاشلار،
قاتقان بىرقانچەيلەن، تىرىلىۋاتقان كۆن.

جامائەت بامداتتىن قايتقان.
ئاسمانغا مېڭىش ئۈچۈن
كىشىلەردىن سورىساڭ يول،
گۇمبەزدە يول بەلگە ــــ ھىلال ئاي تۇرغان،
جاۋاب بەرگۈچى ــــ
توپىدىن يارالغان ھالەتتە تۇرغان
شۇ تومتاق ئىنسان.

قارىدى نوھ ئەلەيھىسسالام
تاغلار دولقۇنلاپ
توختىغان توپان،
154 مېتىر كىرسەڭ چوڭقۇرلاپ،
دېڭىز ئاستىدا قۇپقۇرۇق تۇرپان.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# چاقچاقچىلار سورۇنى

سوزۇلۇپ بويۇنى
ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقاندا
قىزىرىپ كەتتى ئالمىلار شاختا.
قىزىپ كەتتى مەشرەپ سورۇنى،
سۆز ئويۇنى، كۇلكە ـ چاقچاقتا.

قىزغۇچ لەۋلەر ئېچىلدى
گۇل بەرگىدەك.
نازۇك مەنە ئېچىلدى،
چىت كۆڭلەكتە، چوڭقۇر تامبالدا
بولغان قىزدەك ئەرگە بەرگۇدەك.
سۆزلەر بىر ـ بىرلەپ سەپكە قېتىلدى،
جۇملە سەپ ـ سەپ مېڭىپ كەلگۇدەك.

چاقچاقچى
ئەتمەكچى
تۇرمۇشنىڭ تۇندەك تۆشۇكلىرىنى،
مەنىسىزلىك تېشىۋەتكەن.
غەم ـ قايغۇ مەرگەندەك كۆز قىسسا
چاقچاقچى قاچماقچى قاچقاندەك جەرەن.
بىز ھەر كۇنى كۆتۇرۇپ كەلگەن
تارىخنىڭ ئېغىر چاقچىقى ھەم.

تەرلىمەكتە ئۇيغۇر تىلى
ئىپادىلەشكە بىر مەنىنى —
ئاسمانلاردىن مېڭىپ كەلگەن.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# دېھقانلار بازىرى

ئاسمانىنىڭ كۆك يوچۇقىدا
بىر توپ ئەرۋاھ يورۇۋاتاتتى.
بازارنىڭ ساپال رەڭ پۇچۇقىدا
دېھقانىنىڭ يۈزى يورۇۋاتاتتى.

كونا ساياھەت كىتابى
ئالدىمدا ئېچىلىپ تۇراتتى،
رەڭلەر بىلەن، ئاۋازلار بىلەن
ئوغلۇم ھەجىلەپ ئوقۇماقتا،
ئۆزى ياخشى كۆرگەن پۇراقتا.

ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئىسمى
غالتەكتە نۇر چېچىپ تۇراتتى.
چۈش ۋاقتى —
بىر مېۋىنىڭ سارغايغان قىسمى،
بىز ئەمەس سايىمىز قول ئۈزاتتى.

چالا ئۈكلەنگەن قوچقار كاللىسى
پىشىپ كەتكەن،
قوللارغا چاپلىشىپ كەتكەن،
پادىشاھنىڭ بېشىدەك
يەڭگەن قۇللار تالىشىپ كەتكەن.

بىركۈنى
چىۋىن بولغان ۋاقتىمدا،
تاقىرباش راھىبنى نوم ئوقۇۋاتقان
گىزىلداۋىرىپ قىلىمەن بىزار.

بىركۈنى پەي قەلەم بىلەن
ھەدىس خاتىرىلىگۈچى مۇنداق يازار:
«شەيتان تۇخۇملىغان بازار».

بىركۈنى بارچە كىشىلەر
بىر دېھقانغا ئەگىشىپ
شوئار توۋلىشىپ ئېتىزدا ئىشلەر.
ئاشلىقتا ئەمەس بەلكىم ئاچلىقتا
بارچە ئەللەردىن ئېشىپ كېتەر.

دېھقانلار بازىرىدا
كۆردۈم بەختىيار دېھقاننى
بەھۇزۇر يېمەكتە ئۆپكە ـ ھېسىپ.
باقماقچى بولدۇم مەنمۇ جاننى
قەلەمنى، دەرد ـ ئەلەمنى تاشلىۋېتىپ،
(جاجام بىر پاي ئوق قىلمىسا نېسىپ).

ئويلىدىم ئۇستۇمدىكى ئاسماننى،
ئۇستىمىزگە چۈشمىگەن بېسىپ.
ئويلىدىم تەقدىرداش بارچە ئىنساننى،
ئالەمگە مەڭگۈلۈك قويۇلغان ئېسىپ.

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
توپا - چاڭدىن چىقىپ كەتتىم،
تىرىلگەن ئادەمدەك
يېڭى ھاياتىم...

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى.

# ئىككى تۇتقۇچلۇق ئەگمەچ جامدا
# قەھۋە ئىچىش

ۋاز كېچىش —
بىر خىل قىزىل سۇيۇقلۇق
ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان،
پادىشاھنىڭ زىياپىتىدە
دىۋىدەك بويى بار بەستلىك غۇلام
سەدەپ ئاپقۇرغا ئېگىلىپ قۇيغان.

قولىدا ساپال جام شاراب توشقان،
قوڭىدا غىلدىرلىغان شايى ئىشتان،
ئوڭىدا مىڭ ياشلىق موماي، بىر چوكان
ھەر قېتىم مۇزېيغا كىرىپ چىقسام.

يېقىنلاشسام ساڭا ھەر قېتىم
ۋۇجۇدۇم جام، بىر تاشقىن كۆچتىن.
سۇ يالقۇنىدەك نەم لەۋلىرىڭ،
سىيرىلار قوللىرىم ئەگىم تۇتقۇچتىن.

ئىككى تۇتقۇچلۇق
ئەگمەچ قەدەھتە
بەردى ئەسقەر قەھۋە قۇيۇپ،
شىرەگە غەمدەك دۆۋىلەنگەن
ئۇيغۇرچە گېزىتلەرنى سۈرۈپ قويۇپ.

نەقەدەر نەپىس ـ ھە، سىنچىلاپ باقسام
يوق ئىدى بۇنداق جام، ياساپتۇ ئىشچى.
يوق ئىدى قەھۋە، سۇ، ئۇسسىغان ئىچتى.
تام تۆشۈكىدىن تۇغۇلغان ئىنسان
بىلمەس ھېچقاچان رەھمەت دېيىشنى.

كەچتە قەھۋە ئىچكەچ
جاندەك ئىسسىق سۆزلەردىن
قارىدىم قاراڭغۇ تېنىم ئىچىگە.
ئېچىلغان ئاسمان كىتابىدەك
ئېچىلغان چەكسىز روجەك كېچىگە.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

# ئايالچە ئاياغ

ئۆچۈپ بولدى ھەممە چىراغ،
ئاسمانلاردا.
يورۇپ كەتكەن بىر پاي ئاياغ
ئۆيدىن چىقسام تۇرار زالدا.

— تۇرۇپسىزغۇ يولىڭىز قاياق؟
خۇرۇمىڭىزنىڭ رەڭگى قاردا،
ئاز - ئاز توختاپ، يەنە توختاپ.

تەن دەسسەلگەن نەم ئىزلاردا،
سەن كىيگەن پۇت تارتىپ، تۇتۇپ
ئەت رەڭ، قىزىق، يالاڭئاياغ.

جىنىنىڭ بارىچە قىچىپ كەلگەن،
كىم كىيگەن؟ جىن كىيگەن يەككە پاي ئاياغ.
ئوڭغا بۇرۇلسام ئوڭخەي ئاتالغان،
سولغا قاچسام سول تەرەپتە جان.

بىلجىرلايدۇ چەكسىز بىر ئادەم،
— ئۆلۈم يالغان، ئۆلۈم يالغان!
بىلمىگەنگە ئا غەم يا ما غەم،
بىلگەنلەر پات - پات ئۇنتۇپ قالغان.

بىر جۇپ ئاياغ يالغۇز قالدى
ھەممە يەردە.
ئۇشتۇمتۇت،
ئىگىسىنى ئىزدەپ ماڭدى
ئۆلگەن پۇت.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى.

# شاهمات

قوُم بارخانلىرى، ئاق، قارا ھەسرەت.

توختارمەن توُيوُقسىز
مېڭىشنى ئويلاپ
قوُم تاغلار بويلاپ
تېز پويىز تونېلغا كىرىۋاتقاندەك.

پادىشاھ سوُرلوُك،
گەردە
توُرلوُك - توُرلوُك
پەنت ئويلاپ، بەند قىلىپ، قىرقىتىپ ئويناپ
تەرەپ - تەرەپتىن بېرىدوُ زەربە.

توپ
ھەر ۋاقىت ئورنىدىن قوپوُپ
ماڭار پەسكە تىك
ئەردەك سوُلكەتلىك.

ئىنچىكە ئاۋازدا ئەركىلەر پىل:
— نېمە قىل،
مېنى قىل!
قىل ئوُيان، قىل بوُيان كەتكەن ھەر دودا
قىلغىلى تاس قالار جاندىن جوُدا.

دېرىزەم ئاق قارغا بەردى ئورۇن
ئىس قارا ئاتتەك ئەگدى بويۇن.

ھەل قىلغۇچ مىنۇتلار، مىلتىق تەپكىسى
مات بولغان پېچكا،
پېچكا ھەممىسى.

ئالدىدا ياۋروپا خەرىتىسى
قۇبلايخان بىر قول شاھمات ئويناپ
قەدەھ كۆتۈردى ئۇتتۇم دەپ ئويلاپ،
ۋادەرىخ، يەڭگۈچى مەڭگۈلۈك كىشى.

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

# قاسقان شەپكە

## 1

ئاغزىم بار قوشۇق سالمىغىن گەپكە،
قورالىم سۈكۈت شاككاك ئوقۇرمەن.
قاراپ دېرىزىدىن سەن بار تەرەپكە
ئايئاق يېزىلغان قارنى ئوقۇيمەن.

قاپىيە ئاسماندىكى يازغۇچىدا
كىرپىكىم ئۈچىدا تامچە تالڭ ئاتتى.
ئاق قاپلىغان جىمجىت كوچىدا
ماشىنالڭ لاپ ـ لاپ كېتىۋاتاتتى.

## 2

قېچىۋاتىمەن، قېچىۋاتىمەن
قېچىۋاتىمەن چوڭقۇر مەنىگە.
ئىچىدىن پاناھلىق ئىزدىگەن ئادەم
كېتەر تاشلاپ تېنىنى بەزەن.

يېپىلغان تەن،
ئېچىلغان شېئىر.
سۆزلەر قورقىدۇ،
كۆزلەر گۇمانلىق سىر ئاچىدۇ.
ئوغرى پۇتلار قاچىدۇ

ئۇزۇۋېتىپ يىپ ئۇچىنى.
ئىنسانلار كارىۋىنىدىن ئەپقاچىدۇ،
بۇلاپ بەخت ئاتلىق يولۇچىنى.

3

ئىنىم تۇرسۇنجان
ئاددىي بىر ساقچى
چارلار كوچىنى.
ئۇزمەي چىقىپ تۇرغاچ چاتاقچى
ھەر كۈنى ئۆيىگە قايتىدۇ ۋاقچى.
قاسقان شەپكىسىنى كارىۋاتقا قويۇپ
ياتقان بالىسىنى سۆيۈپ قويۇپ،
كۆزىتىۋاتقان مۇرىدە تۇرۇپ
ئىككى پەرىشتىدەك —
ۋەزىپىسى ئېغىر پەرىشتىدەك،
ئۈشتۈمتۇت ماڭار ئورنىدىن تۇرۇپ.

تىرىكنى ئۇخلاتقان،
ئۆلۈكنى ئۇيقۇدىن ئويغاتقان،
كۆككە كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئورناتقان،
مۇھەببەتنىڭ ئوربىتىسىدا
ئايلاندۇرۇپ ئويناتقان،
ئۇلارغا ئىنساننى باش دەپ ئويلاتقان.
ھەربىرىمىز بىر بۈيۈك ساقچى،
ساماۋى تۇزۇمنى بىزگە قوغداتقان!

## 4

مەن ئاسمانغا بارماقچى،
چىقتىم سايەمدىن.
كۈن ــ ئايلانغان نۆۋەتچى ساقچى،
كۆز ئۈزمەيتتى ھەربىر ئادەمدىن
ئىش تەرتىپى قىلدەك ئىنچىكە
خاتالىق پەرقى نۆلدەك ئالەمدىن.

## 5

تىل ساقچىسى
مېنى شېئىردىن قوغلىماقتا.
زېمىندا ھەربىر ئەخلاقلىق كىشى،
ئاسمان تەرتىپىنى قوغدىماقتا.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

# تاپانبېلىق تېغى

تاپالمىدىم ماشىنىلىق،
ئېزىپ قېلىپ
سەھەر يورۇتقان كۆك ئايلانمىدىن.
تۇيغۇم بىلەن يوللارنى سىزىپ،
مەن يازغان شېئىردەك ئەركىن مىسرالىق
شەھەر ئەتراپىنى تۆت ئايلانمىدىم.

تاغ يۇمىلاق كۇندۇزدەك،
تاغنىڭ ئىسمى تاپانبېلىق،
قۇيرۇق قىسمى يايسىمان، ئاق.
ئەگىپ ئۆتۈپ مايماق ـ سايماق.
قىشنىڭ ئاپئاق دولقۇنىدا
بىر بازارغا كىردىم قايناق.

ئەينەكتەك بازار ئەكس ئەتكەن،
قىقاس ـ چۇقان ئەۋجىگە يەتكەن.
تەلەيلىك ئۆلۈكلەر دەس تۇرۇپ كەتكەن
جەڭگاھ تۇرمۇشى.
جەڭ ھارۋىسىدەك سۆرەپ كەتكەن
قەھرىمان باققالنىڭ كۆرۈنۈشى.
نان يېمەسلەرگە كۈچ بەخش ئەتكەن
ئۆلۈكلەرنىڭ باي بولۇش چۈشى.
كونا ئۆتەڭدىن يېڭى ئۆتكەن
يېپەك يولىنىڭ
قۇملۇقلاردىكى يېشىل يۈنىلىشى.

قەدىمى قۇتلۇق
قەدىمكى ئۇيغۇر.
تۇرۇپتۇ بىر پۇتلۇق،
تېرەكلەر بىز بىلەن يۇرتلۇق.
يول ئىچ مايماق، ماڭغانلار ياكى
ماڭغانسېرى، پېتىشماي تۇردۇق.
غېرىبلىق غىچىرلار بار ئۇچ - تۆت چاقى
بىز بازاردىن چىققۇچە تاكى...

بېشىدا چاقنار
كۇن تاجى،
ھەربىر ئادەم بىر پادىشاھ —
تاشلىۋېتىپ تاجۇتەختىنى،
بولغان غەمسىز ساكىيامۇنى
مەڭگۇلۇكتىن تېپىپ بەختىنى.

ئۆتۇپ كەتتىم ماشىنىلىق،
تاغنىڭ ئىسمى تاپانبېلىق.
ئۇزۇپ كەتتىم زىكىر قىلىپ
كۆپ ئىسمىغا بىر مەنىلىك.

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۇنى.

# ئانام بەرگەن تەكيي

ئانام بەردى
گۈللۈك تەكيي،
بەردى كىيچىنى گۈللىرى بىلەن.
يىرتىق ئۆيقۇمنى تىكىپ بەردى،
يىڭنىدەك تال ـ تال كىرپىكى بىلەن،
تەكىيدەك يۇمىلاق كۈنلىرىم ئەمدى...

بېشىم ياستۇققا تېگىش بىلەن
چۈشۈم رامكىدىكى رەسىملەردەك،
ئومۇرتقام ئېگىلىپ كەتكەن،
چۈشسەم كارىۋاتتىن تۆت چاسا غەم.

قۇياش ئايلىنىدۇ،
ئايلىنىدۇ ئۆلۈككە تىرىك،
ئادەملەر قوۋملارغا ئايرىلىدۇ،
ئۆزى چۈشەنگەن ۋاقىت بويىچە —
يۆنىلىشى ئەگمەچ ياكى تىك.

كۈن نۇرى تىك چۈشكەن شەھەردە
كۈندەك يەتتە ئايلىنىپ چىقتىم
كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاڭ سەھەردە.
توپىغا قايتارمەن توپىدىن چىقتىم،
چەمبەردەك بىر نۇقتا باردۇر ئالەمدە.

توپىدىن چىققان ھالەتتە ئانام
كەم سۆز، كۆڭلى تۈز، ئەگرىسى يوق.
ئەگمەچكە ئىشىنەر ئادەتتە ئانام
يېرىم ئاي مۆجىزە، يارالغان تولۇق.

يارىم باش قويدى گۈللۈك تەكىيگە،
ئۆلۈمنى سىزدىم،
ئۆلۈم — تىك سىزىق.
مەنە چۈشۈپتۇ ھەربىر قوۋمگە
بەلگە تۈز يا يايسىمان يېزىق.

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

# ئات

مەن ھاياتقا تامچىلاپ كەلدىم،
كۆكتىن تامدى ئىنسان ئۇرۇقى.
تەن ئاساۋ ئات قامچىلاپ كەلدىم،
سىنىڭ ئىتىڭ ئاتنىڭ ئومىقى.

ئوخشار جاڭگالغا
تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇلۇقى.
ئاق قەغەزدىن چاپتىم ھەر يانغا،
قەلىمىم مالچىنىڭ ھاسا تايىقى،
ئۇچراشتىم توساتتىن يارغا ــ ئاق تايغا.
ئاي ئۆتتى، يىل ئۆتتى كېيىنمۇ تېخى
سۆرەيتتى تەن ئىتىم سازلىقتا ــ لايغا.
سىمىز شەيتىنىم ئالاتتى مىنىپ،
قالاتتىم بەزىدە پۇشۇلداپ تىنىپ
تەن ئارتۇق يۈك، يۈك بولۇپ قىلىپ.

ئىغىرلىشىپ كۈنسېرى ھايات
چىقالماي كۈندۈزدە قاراڭغۇلۇقتىن
تالاي كېچىلەر ئىزدىدىم قانات
بىر ۋاراق - بىر ۋاراق چۈشكەن يورۇقتىن.

مەن ئەركىن ئات قۇتۇلدۇم ھەيھات،
ئىنسانغا خاس بويۇنتۇرۇقتىن!

ئاھىم يەتتى، يەشتى خۇدايىم
ئارغامچامنى ئۆز قولى بىلەن.
كەچۈر يارىم، سادىق ھەمراھىم
ئاتلىق مەن، دۇلدۇلۇم ــ ئىگەم بەرگەن تەن.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

# بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز

قوپ، قالپاقلىق پېرسوناژلار قوپ!
كىتاب تەكچەمدىن،
توپىلىرىڭنى قېقىۋېتىپ.
ئايتماتوف كەتكەن ئۆلمەس بىردەمدىن
بىر خەت بىر خەتتىن تىرىلىپ چىقىپ.

بېشىمدا مېنىڭ بىر كۆرۈنمەس تاج
ئۇيغۇر تىلىنىڭ پادىشاھى مەن.
قىرغىزچە قالپاقا چوڭ كەلگەن ئەي باش،
بىرگە بىز مەڭگۈلۈك بىر تېما بىلەن.

توختىدىڭ
«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»دە سەن،
سۈرە «كەھف»نى ئوقۇۋېتىپ
توختىدىم كەپتەردەك مۈڭلۈق ئۇندە مەن.

سانى بىزگە قاراڭغۇ بىر توپ
ئۈچ يۈز توققۇز يىل غاردا ئۇخلايدۇ،
زالىم شاھنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ.
ئۆلۈك ئادەمدەك كۈننى ئۇقمايدۇ،
بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز
ياتتۇق دەيدۇ ئورنىدىن قوپۇپ.

يەتتە بولسا ئۇلار ساناقتا
ئىتى بىلەن بولار نەق سەككىز.

ئالتۇن زەنجىرلىك قۇياش باغلاقتا
كۈنلەر يەتتە، باغلانغىنى بىز.
كىملەر شەھۋەتتە؟ كۆيگەن قۇياش
زىناخور ھەرىكەتتە، باغلانچىسى يوق.
ئىنسانلار بىلەن بىردەك قارىشى —
يۇلتۇزلار چەكچىيىپ تۇرغان دورامچۇق.
كەبىنى ئايلاندۇق سائەتكە قارشى،
ئايلىنار كۈننى ئۇلار يوپيورۇق.
زىناخورلار ئاۋۇسا توپ - توپ
ئۇلار ئورىبېتادىن چىقار قوپۇپ،
سۈركىلىشىپ، سوقۇلۇپ، سوقۇپ
ئوت يالقۇنىدا كېتەر يوق بولۇپ...

ۋاقىت ئاسمان زاپچاسلىرىدىن
بىزگە قوراشتۇرۇلغان رىتىم.
ئاسمان جىسمى بىزنىڭ جىسمىمىز،
قۇياش — سائەت، بۇزدۇق بەش قېتىم.
كۈن يەتتە كۈن، يەتتە نىھايەت،
يەتتىنچىدە بولار قىيامەت...

قورقۇقان ھالدا باقتىم ئاسمانغا،
يوقتۇر دالدا، تۆپىمىز ھاللاك[1].
نېمە چۈشسە چۈشەر ئىنسانغا
پەسكە قارىماي ئۈستىگە قاراڭ...

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

---

[1] ھاللاك — ئوچۇق (يەرلىك شېۋە)

# چارلىس سىمىكنىڭ[1] يېرىم تال قېرىندىشى

## 1

ئۆچى ئۆچلانغان
سۇنغان ئوتتۇرى،
سۇنۇلغاندا چارلىس سىمىكقا
بېلگىرادنىڭ تېگىلگان قولى.
باشباشتاق تارىخ ئۈستى مىخقا،
قىتئەدىن قىتئەگە يۆتكەلدى يولى.

ئامېرىكا
تىنچ ئوكيان بويىدا
ئاق دولقۇنلارنى ئويناۋاتاتتى.
بىر بالا يېرىم تال قەلەم قولىدا
ئىنگلىز تىلىدا ئويلاۋاتاتتى،
مەن يازماقچى بولغان شېئىرنى.
بىز ھەممىمىز تىل مۇساپىرى
ئىزدەۋاتقان ئۆلمەس بىر تىلنى.

## 2

قىش مېنى ياز دەيدۇ،
قىزىلگۈلنىڭ ياپرىقى بىلەن.

---

[1] چارلىس سىمىك (CHARLES SIMIC) 1938 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيەنىڭ بېلگىرادتا تۇغۇلغان، 16 يېشىدا ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەتكەن ئامېرىكا شائىرى.

دىرىزەم ئاسماننى ئاز دەيدۇ،
نەزمەمدىن قارىسام بىپايان ئىكەن.
يىرىم قار مەن دىگەن پۈتۈن ساز دەيدۇ،
چالسام پۈتۈمدا غىچىرلايدىكەن.
سىنىڭ يازغىنىڭ زىمىندا بولسا،
مىنىڭ ئىشتكىنىم سامادا ئىكەن.

## 3

ئاق يولۋاس قەغەزدىن چىقتى ئىتىلىپ،
قورقۇۋاتىمەن.
بىر ئاۋاز چىكەمگە كەلدى ئىتىلىپ،
شىئىرىم قان رەڭ، قورقۇۋاتىمەن.
شىئىر يىزىپ، غىزا يەپ، سۇ ئىچىپ
قورقۇۋاتىمەن، ئەي چارلىس سىمىك
چۈنكى ھىچكىممۇ كىتەلمەس قىچىپ
ئەزرائىل بار بولسا بىز تۇرغان يەردە،
ئىنگلىزچە ۋارقىرىسا ۋە:
— جۇڭگولۇقمۇ سەن؟
ئاسماندىكى يۇلتۇز ئارتۇق دەپ.
قاراڭلار تىخى مۇسۇلمان ئىكەن
يىرىم ئاي ئارتۇق، ئايغا باردۇق دەپ.
ساقىلى نەچچە مىڭ يىل ئۆسۈپ كەتكەن
يىپەك يولىدىكى مەن ئارتۇق ئادەم.
بۇتخانا، چىركاۋدىن كۆچۈپ كەتكەن
ئاللاھنىڭ ئۆيىگە بىسىپ قەدەم.

ئىشىكى ئوچۇق، چىرايى ئوچۇق
ئادەم ئاتا ساقلاۋاتاتتى

قۇم بويىدا ئەۋلادى بىلەن.
قاپىيەم يەتتە بەت ئاسماننى ئاچتى،
ھەممىمىز بىر ئادەم، ئۆيگە كىر ئادەم!

## 4

چارلىس سىمىك
مەن سېنىڭ ناتونۇش قېرىندىشىڭ،
كىردىم ئاياغ سېلىپ
سىيدام شېئىرىڭ ئىچىگە ـــ
ئۆيۈمدەك گىلەم سېلىنمىغان.
خىرۇستال چىراغلار ئېسىپ كېچىگە
ئاسقۇچى تىلغا ئېلىنمىغان.
كۈندۈزنىڭ توشقۇزۇلغان ئاق بېتىگە
نۇرنىڭ ئاپتورى يېزىلمىغان...

چارلىس سىمىك،
ئىنگلىز تىلىدا قېشىڭغا كېلىپ
ئالەم تىلىدا سالام قىلدىم،
سالىمىمنى ئالغايسەن ئىلىك.

2014 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.

# شاللىق بىنا

چىرايلىق ئايال — قەرەلسىز مىنا،
دەڭسەپ دەسسە،
پارتلاپ كەتسە،
مېڭەڭ بازارغا چېچىلار پۇتۇن؛
گۆرۈچچى چوكانغا باققىنىڭ ئۈچۈن
كەمچىلەپ بەرگەندە يايپاڭ كەپسەندە.

ياغلىقى دەيدۇ: — تونۇپ كەپسەن ـ دە!
زۇۋان سۈرمەيدۇ قولىنىڭ ئۈچى —
قامالاپ تۇتقان نازۇك قۇش پۇتى.
يات دېھقان تىلىدەك ئاق گۆرۈچى
ئاغزى ئېتىك تاغار ـ تاغاردا،
مېنى تونۇماس، تونۇماس ئۇنى.
يوق قىزىل گۆرۈچ پۇتۇن بازاردا،
يوق بىز چوڭ بولغان شاللىق دولقۇنى.
بىنالار تۇغۇلۇپ چاسا ـ چاسا
قاچقان، مۆككەن، ئۆلگەن ئېتىزلار.
كۆرۈنمەس ئەمدى ئۇ يەرگە بارسا
كۆزدىكى شال ئاتلىق ئالتۇن چاچ قىزلار.

بىنادىكى شاللىق ئەرۋاھى
بىز كىرگەندە، چىقىمۋاتقاندا
زەيدەك ئۆرلەر پەشتاقتىن گاھى،
چىرايى كۆرۈنەر سارغۇچ تامدا.

خىزىر چىشىدەك چىچىلىپ ياتسا،
يەتسە بىر تال گۈرۈچنىڭ ئاھى،
دېھقاننى يەرگە تېرارمۇ قايتا
چاڭگاللاپ تۇتقان قوشنىڭ خۇدايى.

قانىتىنى دۈئاغا ئاچقان
بېلىق ئالغۇچتەك گۈرۈچنى تەردىم.
قازناققا كىرەلمەي ئۈركۈيتتى چاشقان،
سۇ ئىچىۋاتقان ئەرۋاھ بار يەردىن.

مەن ماشىنىدا،
قاتار - قاتار شاللىق بىنا
ئۆتۈپ كەتتى غىرىبقىنا...

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

# يەرلىك سەۋزە

— ئىسمىڭىز نېمە؟
چىلگە سەۋزە.

— نەدىن كەلدىڭىز؟
— ئاق يەردىن،
مېنىڭ يارىم يار بويىدا
هارماي كولار، كەتمەن قولىدا.

— ئاق سېرىق چىلگەم، مەن سىزگە كۆيدۈم،
سىزنى ئالاي دەپ چىققان ئۆيدىن.
خوتۇن قويۇق ئاش ئېتىمەن دەيدۇ،
بولمىسا يامانلاپ كېتىمەن دەيدۇ.
مەن سىزنى ئىزدەپ، غۇنچە بوي قىز دەپ،
كەزدىم بازارنى ئەشكەن لەڭمەندەك.

— بازاردىكى شالغۇت، ئەركەك زەدەك،
مېنى تاپالمايسىز سەت، قارا مەدەك!

— بىر چىشلەم خېنىم ئايلىناي سىزدىن،
كەتمەڭ بۇنداق يۈز ئۆرۈپ بىزدىن.
دىقماق، تاتلىق، سۇلۇق ئىدىڭىز،
نېمە دېگۈلۈك، نېمە يېگۈلۈك؟
— ئەخمەق! ئىلغىماي كەلسە يېدىڭىز،
تاتلىقنىڭ نازى بار تۆت تەڭگىلىك...

— ئاڭلىدىڭلارمىكى ئۇيغۇر كىتابخان؟
قۇلىقىڭلار تېخى يۇلۇنمىغان.
ھەۋەس قىلمىدىڭلار يەرلىك سەۋزىگە —
ھەۋەش[1]، يۇزى توپا، يۇيۇلمىغان.

چىلگە سەۋزە - كۆكى بار ياركەن،
قەدەم جايى ئاقسۇ يا يەكەن.
تېرىپتۇ دېھقىنىمىز ئويلىماپتۇق بىز،
دېھقاننى كىم تېرىدى ساقىلى باركەن؟

2014 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

[1] ھەۋەش — قاغىلىق شېۋىسى سەت، كۆرۈمسىز دېگەن مەنىدە.

# ئايكۆل

ئىسمىمىز يېقىن چۆل،
بىر قىسمىمىز ئاي.
ئاي،
كۆلدە.
كۆل،
قاراڭغۇ قولاقتا.
ئاڭلاۋاتاتتىم ئەگرى - بۈگرى،
گېپى تۈگىمدى ئالما پۇراقتا
مەڭزى ئالمىدىن قىزىل جۇۋاننىڭ —
جەرەندە كىرپىكى، كۆزى بولاقتا.

— بەشتۈگمەندە توي بولدى
مانتا كۆرمىگەن موللا قوغۇنچى
قاسقانغا دوم چۈشۈپتۇ،
ئالغان خوتۇننىڭ ئۈچ شۈمى باركەن
«تۆگىنىڭ كۆڭلى يانتاققا چۈشۈپتۇ»...

پۈتۈن مەنزىرە:
يېرىم چۆل، ئەرۋاھ كۆل، ئەرمۈدۈن خىرە.
لايدىكى كىشىلەر، ئايدىكى پۈت،
بىر قەبرە يورۇتۇپ تۇرغان تىرىك يۇرت.

قاراۋەردى سىڭار كۆزىدە
بىز ئۈنى كۈن دەپ ئاتىمىدۇق.

يۇرت ئىسمى مۇساپىر كەلكۈن سۆزىدە،
بىز سۈنى كېكەچ دەپ داتلىمىدۇق.

توغراقلىقتىن قاچقان قىرغاۋۇل
قۇم قازاندا قايناپ توختىدى.
يۇرتۇم قۇملۇقنىڭ يېشىل تۇخۇمى،
تۇخۇمدىن چىققىنى يۇلتۇزلار ئىدى.

قېرى ئەرمۇدۇن دەرەخلىرى
ئىچىدە قاتتىق كىشى باردۇر.
كەكە دەستىسىدە تاشتەك چىڭ سىرى،
تاشنىمۇ تاشلىماڭلار ئىشى باردۇر -
ئېغىرى يوق.
قاغىنەك قاقشال نېمە مېۋىسى باردۇر
قاغىدەك كېچە قونماقتا توپ - توپ...

كۆلدىن ئاي چىقتى،
سۆزدىن جاي چىقتى.
سۆزدىن يەر بىلەن ئاسمان چىقتى،
ئاسماندا دەپ بىلدۇق، كۆردۇق يوپيورۇق
بىلدۇرگۈچى ئۆزىنى تىقتى.

2014 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

# كونا شەھەر

## 1

قەدىمكى قول يازمىدەك
يازغان توپىغا
پۈتنى،
كۆزنى،
يۈزنى يورۇق.
ئاندىن ئاڭلاپ، قوپ! دېگەن سۆزنى
يۈز - كۆزى توپا ماڭغانلار قوپۇپ
كوچىدا ئۆرىتۆپە بولۇپ.

ئاق دوپپا، ياغلىققا توشتى رەستە،
ئۆلۈكلەر ئېگىزدە، تىرىكلەر پەستە،
بىر كىشى قوليازما ئېچىلغان پەيتتە،
سۆزلىرى ئاق بەتتە، كۆزلىرى خەتتە،
مېنى كىم يازدى دەپ ئويلار مىڭ تەستە.
بىر دېھقان چىڭ يۇمغانچە كۆزىنى
توغرا ئوقۇيتتى ھەربىر نەپەستە.

## 2

يەنە كەتتى
بىر مۇساپىر
ئۆز شەھرىدىن،

— كەل، ئاسمان جىسمى ئوربىتاڭغا كىر!
بىر ئاۋاز كەلدى ئاسمان قەرىدىن.

3

قۇياش ھارۋىسى —
باققالنىڭ ئالدى،
بىر شاپاقنى تالىشىپ ئالدى
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئەرۋاھ يولدىن
ۋىڭىلدىتىپ قاناتلىرىنى
قوغۇن يەۋاتقان بالا قولىدىن.

4

سۆڭەكتەك ئاپئاق بىنالار
كۆرۈنەر گۈگۈمدا قارىيىپ.
زاراتلىقنىڭ پۈچۈق تېمىدىن
ئۆلۈكلەر قېچىپ كەتمەكچى بولار
كۈندىن - كۈنگە ئۆيى تارىيىپ.

كىردىم
سۇلتان كىرگەن ئىشىكتىن
كۆك گۈمبەز ئىچىگە،
ئىچىگە ئويۇلغان ئىۋرىق، گۈل، يېزىق
ئوخشايتتى نەقىشلىك نەپىس كېچىگە.

## 5

پىچىرلاشقۇچى ۋەھىمىدە
ئادەم يوق جايمۇ ئادەم بار جايدەك.
چاسا ئۆيلەر، كېسەك ئىدىيە،
تىك ماڭساق ئاستىغا ماڭىمىز،
قارا لايدەك.
ئەگىپ ماڭساق ئاسمانغا ماڭىمىز،
ھىلال ئايدەك.

## 6

«ئۇمىچى يوق مازاردىن شەيخ بىزار»
ئۆلۈكلەر باشقا جايدا جان باقالماس.
ئۆلۈكلەر بار شەيخى يوق مازار،
ئەنسىز شامال تەرجىمىھال يازار
يۇلغۇنلار باش لىڭشىتار دېيىشىپ راست.

بۇگۈن شەھەردىن چىقتى تاۋۇت،
قىزىلىم مازىرىغا پاتمايدۇ بەلكىم.
مازارنى يازار راھىلە داۋۇت،
ئۆلۈكۈم قالسا، كىم بولار شەيخىم.
قەلىمىم دومىلار، ئاق قەغەز ساۋۇت،

## 7

مازار يېنىدا خۇمدانىنى كۆردۇم،
جان يوق ئادەمنى، ئۇۋۇلغان تەننى

كېسەك قوْيغاندەك قوْيوْش كېرەك.
يەتتىنچى قەۋەتتىكى ئادەمسىز ئۆيدىن
بىر ئاۋاز كەلدى چالغاندەك غىجەك،
— مەنغوْ ئاق ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدوْم،
سەن كىم بولىسەن؟
— مەن ئەمدى كېسەك.

تام تەرەپكە سوْروْلسەك ئەگەر،
پوْتىمىز قاراڭغوْدا نېمىگە تېگەر؟
يەتتە قەۋەتتى ئادەمسىز ئاسمان،
ھەربىرى چىراغلار يېقىلغان شەھەر.

## 8

قوْياش بىلەن تەڭ قېرىغان
ئەي، قوْروْق، قاقشال، مويسىپىت يەر،
بىزنى موْشوْ يەرگە تېرىغان،
يىلتىزىمىزدا قوْم چېچەكلەر.

يېڭى ياشارغان زېمىندا يېشىل
ئوْنوْپ چىققان ياش ئادەملەر
يېڭىلىق دەپ ئايرىماي پاسىل،
ئۆلوْم دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەر.

يېرىم ئاي كوْچتى پوْتوْن كوچىدىن،
ماڭالماي قالغانلار، بىر پوْتلوْق تىرەك.
ئىتتىك كېتىۋاتقان يولوْچىدىن
مېڭىشىم كېرەك كالامپاي ئاستا
ئۆلوْم، ئۆلوْم ئوْنىڭ مەنزىلى بولسا

9

ئۆلۈم يېڭى،
ھاياتلىق كونا،
كونا شەھەر.

2014 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

# ئالما ۋەقەسى

مەۋقەسى مەۋجۇتلۇقنىڭ
سۇدەك ئېنىق،
بىر كۈنلەردە بىز ئۇشتۇمتۇت
دېگەن چاغدا ئاياللار بىلىق
ئۇلار سۇ ئورنىغا ھەسرەت يۇتۇپ
ئاق كۆپۈكنى چىقىرار تىنىپ.

ئاياللار تېگى يوق كۆل، بىز چۆمۈلگەن.
ئاياللار تىرىك قەبرە ئازاب كۆمۈلگەن.

مەن دادا قەبرە،
سەن كىچىك قەبرەم ئويناۋاتقان،
سەن ماڭا ئالما دەپ قىلغاندا غەلۋە
مەن چايناپ تۇرمۇشنى يۇتالمايۋاتقان.

جېنىم بالام، يۇمشاق قۇرتۇم،
ئالمىنى غەزەپ بىلەن ساڭا ئاتتىم.
تاڭ ئاتقۇچە ئويغاق بۇرۇتۇم،
بىر تال ئالمىغا سولىنىپ ياتتىم.

ھاياتىم دەريا،
ئۆلۈم بىر ئالما،
ماڭا ئېتىپ بېرەر ئۇ قاتتىن.

2014 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

# ئاق كىگىز

قار يېغىۋاتاتتى،
قاراڭغۇ كۆڭلۈم.
دادامنىڭ ياداڭغۇ چىرايى،
كۆرۈندى ساقىلى ئاپئاق كۈندۈزدىن.

ئاخىرقى قورغاندەك ئۆيۈمدە مەن،
ئاستا لەيلەپ چۈشمەكتە
ئاق بۆلۈتتا ئولتۇرغان دادام.
كىم بوش سىركايدىن سۈت چاي ئىچمەكتە؟
قارايتتى چەينەك سوزۇپ بويۇن.
ئۈتتۈرۈۋەتكەن دادام شاھماتتا
ھاياتىنى ئون تۆت يىل بۇرۇن،
يوقلاپ كەپتۇ - دە، مېنى بۈگۈن.

بىز سۆزلەشتۇق
تۇرمۇشنىڭ رەڭگى توغرۇلۇق،
دېدى: ياشىۋال جانىنىڭ بارىدا
ئۆلىۋېرىش زېرىكىشلىك ئىش.

نۇرغۇن ئادەملەر قاتارىدا
ئۇنىڭ كىملىكى تەكشۈرۈلمىگەن.
دادامنىڭ ئاۋازىدا، چىرايىدا
كېتىۋاتاتتىم دوقمۇشتىن ئۆتۈپ
ھاياتقا تېخىمۇ كۆك، تېخىمۇ كەڭ.

دادام ماڭماقتا قار ئۈستىدە،
گۈللىرى يوق ئاق كېگىزدەك قار.
دادامنىڭ ئىزى يوق، ئۆزى يىتتى - دە،
مېنىڭ ئىزىمدا ئىككى تال گۈل بار.

ئوغۇزنى
كۆتۈرۈشۈپ كۈندەك تۇرغۇزدى،
ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزدى.
ئاندىن بىزنىڭ خاقانىمىز دەپ
كۆك تەڭرى بىلەن كېلىشىم تۈزدى.

كېلىشىم يىرتىلىپ
تالاي يىللار ئۆتكەندىن كېيىن
بەلگە كەلگۈدەك كەتتى قار يېغىپ،
ئۆيدىن چىقىشمۇ بولدى قىيىن.

2014 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.



## ئۆيگە كىرمىگەن ئوخشايمەن

«ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»دىكى
شىرغا ئوخشايمەن،
ئورنۇمدا چۆرگىلەپ توختايمەن
ئاچقۇچ قويغان يەرنى تاپالماي.
بايام ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەن
ئۆيدىن باشقا يەرگە قاچالماي.

قاچالماي تۇگىمەس ئىشتىن —
قۇيرۇقى كۇندۇزدىن كېچىگە چۇشكەن،
سايىسى تۇيۇقسىز ئېچىمگە چۇشكەن.
تېخى ئۆيگە كىرمىگەن ئوخشايمەن،
پۇتلىرىم — گىلەم كۆرگەن چۇش ئىكەن.
دۇنيا قۇلۇپلانغان،
ئاچقۇچ ئۆزىمىزدە ئۇنتۇپ قالىمىز.

ئېگىزدە يوقتىن بار بولغان ئاسمان،
ئاسماننى ئاسان ئۇنتۇپ قالىمىز.
ھەممىدىن ئۇلۇغ يارالغان ئىنسان،
ئىنساننى ھەر زامان ئۇنتۇپ قالىمىز.

2014 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

# كەچلىك بازارنىڭ قەبرىسىدە

بىرنەچچە كىشى مېڭىپ يۈرەتتى،
ئاسماندا ماڭغاندەك
يوق يەردىن ئورۇندۇق ئىزدەپ.

ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېيىشەتتى،
چاي ئىچىشەتتى،
ئاغزىنى كۆيدۈرۈپ ئۇگرە ئىچىشەتتى.
ئوتلۇق ئاياللار ئۆتۈۋاتقاندا
تۇرمۇش تەمىنى تامشىپ كېتەتتى.

كېيىنكى
كۈندۈز بىلەن كېچە رەستىدە.
ئاينى تۆت كوچىغا تاشلاپ كېتىشتى
بىر پۇتلۇق،
ئىككى پۇتلۇق،
ئۈچ - تۆت پۇتلۇقلار،
پەشتاما تارتقانلار، ياغلىق ئارتقانلار،
هارۋىلىق قوشۇندەك ئارتتا قالغانلار،
قەيسەرلىك بىلەن چىشلەپ چىشىنى
يېڭىشكە ئەتىياز، ياز، كۈزنى، قىشنى.

ئەمر قىلدى
سۇلايمان پادىشاھ
ھۆپۈپكە:

ئېيتىپ بەر!
ماڭا بويۇنتاۋلىق قىلغۇچىنى،
ئايال پادىشاھ سۇ ئوخشايدۇ دەپ
كۆتۈردى كۆڭلىكىنىڭ ئۈچىنى،
كۆرگىنى ئوردا ۋالىلداق ئەينەك...

شۇ ئوخشايدۇ دەپ بارغانىدىم يوق،
تارىخى شاۋقۇنلۇق، كېچە بولماس جاي.
ئۈستىدە ئاسمان تۇراتتى ئوچۇق،
كەچلىك بازارنىڭ گۈمبىزىدە ئاي.

مەن بىلمەيمەن قۇش تىلىنى،
سۈكۈتۈمنى سۆزلەيمەن چۆچۈپ.
يوقلۇقتا بار بىز، ئىزدەيمەن سىرنى،
بازار ئاسمانغا كېتىپتۇ كۆچۈپ.

2014 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

# كاشتان دېگەن نېمە؟

چاقىرغاندا ئىسمىمنى ئىگەم
شاختىن ئالدىڭغا كەلگەن بىر مېۋە،
ئۇيغۇر تىلىمنى قىلدى قوڭۇر رەڭ
قىلدى مەنىسى، مېغىزى بار ھەم.

ئەگەر مېنىڭ توقىلىم بولسا
بولار ئىدى كاشتان رەڭگىدە،
تاش بۆرىكىم كۆچكە تولسا
توشار ئىدى كاشتان شەكلىدە.

كاشتان شەكلىدە
سول مېڭە
سۆرەپ ماڭسا ھايات ئەكسىگە
ئوڭ يېرىمىنى يەر شارىنىڭ،
ئارتۇق، قۇرۇق، مەنىسىز بىردىن.

بىردىنلا شېئىرىم كاشتان رەڭ،
دۇنيانى شاكىلىدىن چىقىرىپ مەن
تولىمۇ قاتتىق، تولىمۇ قاتتىق
غىربىلىقنى تىتىۋاتىمەن.

بىر تۈپ دەرەخ يورۇپ كەتتى،
شاخ ـ شېخى مېۋىگە تولغان پەيتتە.

پىشقان كاشتان ــــ
كىچىك بىر داستان،
ئاسماندا تۇرۇپ زېمىنغا يازغان.

2014 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

# تەن خەرىتىسى

## 1

ئاخىرىدىن باشلاندى بېشى،
ئادەم بىنا بولۇشتىن بۇرۇن
ئالەم ئۇنىڭ خەرىتىسى.
يۇلتۇزلار قارايتتى سوزۇپ بويۇن،
شېئىردىكى بىز ئەنە شۇ كىشى.

## 2

206 پارچە سۆڭەكنى
جۈپ ـ جۈپىگە تىزدى كەلتۈرۈپ.
ئېسىپ قويدى كۆندەك يۈرەكنى
نېرىپلارغا تۇتاش سىر قىلىپ.

## 3

ئادەم تامچە ـ تامچە.
رەڭلىك سۈنى سانىغاندەك
قان قانچە؟
قىزىل قان، ئاق قان، سېرىق قان،
ۋە سۈيۈق تۆمۈرنى قېتىپ قويغان.

## 4

ئالەم بوشلۇقىدىن تەن بوشلۇقىغا،
ئاسمان جىسمىدىن ئىنسان جىسمىغا،
سۆزنىڭ مەنىسىدىن كەڭ بوشلۇقىغا،
ئادەم ئەزاسىنىڭ پىنھان قىسمىغا.

## 5

ئاسمان جىسمىغا سەپسالىمىز،
نۇر چېچىپ تۇرغان يەتتە ئەزاسى.
قايسىسى كۆز، قۇلاق، ئېغىز - بۇرۇنلار؟
ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا يەر ئالىمىز،
ھەممىسى بىز تەشكەن، كەسكەن ئورۇنلار.

ئالەمدىن نەگە قېچىپ بارىمىز
سوزۇلغان قوللاردەك ئاپئاق شولىلار.

2014 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

# يۈرەك تىقلىسى قەسىدىسى

ھاياتىم ئېچىلماقتا
غەزىنە ئىگىسى
ماڭا كۆرسەتمەي كۆمگەك سىردەك.
ۋە ياكى قىزغۇچ شاختا
پۈۋلەپ بىرى
ئېچىلغان گۈلدەك
ماڭا سوۋغا قىلىنغان يۈرەك.
سوزۇلماقتا قارا قوللىرى
ۋارقىرايمەن جالاقلاپ تىترەپ
يېقىنلىغان كۆلەڭگە كىم دەپ؟

ھەر تەرەپكە ئۇسۇپ بېقىپ
ماڭغۇدەك بىر يول تاپالمىسام،
مۆدۈرۈپ داق يەرگە چۈشۈپ كېتىپ
يۆلەيدىغان قول تاپالمىسام،
ئۈشتۈمتۈت چۈشكەن ئەلچى
يەر بىلەن ئاسمان تۇتاشقان يەردە
ماڭا چىقىش يولى بەرمەكچى،
چىقىپ كەتمەكچى بولسام ئەگەردە
ئۆچكەن تەننىڭ ئوربېتاسىدىن.

سوراي قايسىدىن
بار قىلىنغان تۇنجى قېتىم
موتۇردەك گۈپۈلدىگەن يۈرەك كۈچىنى.

جان تومۇر، قان تومۇرلار ئارىسىدىن
يولىلارنىڭ كۆك، قىزىل سىزىلغان
ئىرماش - چىرماش يۆنىلىشىنى.
ئوراپ قايتىدىن
چارىسىز دوختۇرنىڭ دورىسىدىن
تارتىماغا تابلىتىدەك تىزىلغان
يۇپيۇمىلاق هايات چۈشىنى،
يۈرىكىگە ساق دەپ يېزىلغان
ئۆزىنى ئۇيغۇر دېگەن كىشىنى —
تىلىنى چىقارتىپ، تومۇر تۇتۇپ
تۇتۇپ سۇكۇتىگە تىڭشىغۇچنى.

توقاچنى ئۇشتۇپ
مەززە قىلىپ يەي
بىر قوشۇق گۇلقەنتكە قوشۇپ.
تۇن بويى، ئۆمۈر بويى سىڭدۈرەلمەي
بىر مىسقال دەردنى چىقاردىم قۇسۇپ،
ئاشقازان ساق، يۈرەك ئاغرىق دەي.
جېنىم كۆككە ئوچۇق، بەدىنىم يەرگە
قەدىمىڭ دەقىقەمگە يېتىپ كەلگەي
تۆكۈلگەندە قۇياشتىن پەيلەر...

ئۆزۈم زەمبىلدە،
كۆزۈم يۇمۇلغان.
كېتىۋاتىمەن دەپ سېنى كۆرگىلى
يۈرىكىم سوقماقتا قالايمىقان.

2014 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

# چايخانىدىكى كىشىلەرنى ياندىن كۆزىتىۋاتقان ئەينەك بىلىقداندىكى تاپانبىلىققا

— قاراۋېرىسىز نېمىشقا؟
ئۆتسەم سۈزۈك ياندىن،
كۆزىڭىزنى پۈلتايتىپ
بىلىقداندىن.

— شەيتىنىڭىز چوڭ كۆرسەتتى
پەرقىمىز چوڭ ئەمەس ئىنساندىن.
قۇيرۇقىڭىز تەتۈركەن ئوڭ كۆرسەتتى،
ئۆزگەن ياخشى دەمسىز چىقماي ئىشتاندىن؟

كۈنلەر قىسقا،
ئوخشار قىلتىرىققا،
بەزىدە ئۆتمەكچى بولساقمۇ ياندىن
ئۈچى ئۆتۈپ كېتىدۇ جاندىن.

ھەممىمىز يۇمشاق ياشىغۇچى،
بىلىق بىز كۆرۈنگەن ھەر خىل ھالەتتە.
ئاسماندەك بىلىقداننى ياسىغۇچى
كۆزىتىپ تۇرغاندەك بىزنى بىر چەتتە.

2014 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

# قومۇلدا چىلان يەۋاتقان بىر كىشى

ئويۇنچۇق تانكىنىڭ مايسا رەڭ قىشى،
گۈللۈك گىلەمدە چىلاندەك تىمتاس.
ئىلياس ئۆي تىزىپ ئويناۋاتاتتى،
كىرپىكى تىزىلغان ئۆزىگىلا خاس.

لەۋلىرى سىزىلغان گىلاس رەڭدە،
يۈزى ياسالغان قونچاقتەك كىچىك،
ئۈنچىلەر يالغان چىشنى كۆرسە.
ئۈستىخان، مۇسكۇلى
مىخسىز مىخلانغان، يىپسىز تىكىلگەن
نازۇك، ھەم قىلىپ.

ئورۇندۇق بىكار ئولتۇراتتى،
پۇتلىرى گىلەمگە سەت خەت يېزىپ.
سۆزۈمدە پىكىر ئۆزۈمدە كىبىر،
ئويناۋاتاتتىم مىسرالار تىزىپ.

ئوغلۇم گىلەمدە ئويناۋاتاتتى،
تانكىنى توختاتتى،
قارىقويۇق ئوق ئاتتى،
كۆڭلۇم ئاغدى، بىر شۇملۇق سېزىپ...

توساتتىن
دادا ! دېگەن بىر ئاۋاز،

قانغان ئاۋاز،
قولۇم قاندى، دېگەن ئاۋاز...

ــ ئوغلۇم، جېنىم ئوغلۇم
ئەمدى قان ئەمەس بۆلجۈرگەن دەك
ئاغرىمايدۇ، تېڭىپ قويدۇم

ــ دادا بۆلجۈرگەن ئاغرىپ كەتتى
بۆلجۈرگەن تەملىك قان ئاقتى

شېئىر يازمىسام بولۇپتىكەن،
ئازمىسام بولاتتىكەن شائىرمەن دەپ.
مەن يازدىم دېگىنىم خاتا ئىكەن،
ماختىنىپ، تەمەننا قويۇپ، ئەزۋەيلەپ.

ماڭدىم شېئىردىن چىقىپ كەتكىلى
ئۇيغۇر تىلى مەنسىز قالار بوش.
ئىنگلىزچەم مەنسىز بەلكى،
تەرجىمەم بەك بولسا، گىلەمنىڭ كەينى.
قەلەمداشلىرىم بولۇپ مەندىن خۇش
ئالدى يۈزىنى يېزىڭلار ئەينى
قېرىنداشلىرىم ئوقۇرمەن خەير - خوش!

2015 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

# THE MOON IN ANOTHER TONGUE

# The English Word

On the tip of my tongue
a stone
juicy and warm.

Suddenly it was born
like water in a bucket—
meaning or form?

I was sitting at the café
and stirring coffee foam,
when my father rose out of the steam,
speaking in a familiar tone.

But I could not translate it alone,
because death is easy but life
heavy as a stone.

A pair of empty shoes
flashed past my feet
at lightning speed,
but I cannot translate it.

Above me is a blue map of the world,
sometimes from heaven will fall a new word.
And when I take a look deep inside,
what I see again is the bright face of my lord.

# ئىنگلىزچە سۆز

تىلىمنىڭ ئۇچىدا
بىر تال تاش،
ئىسسىق شەربەتلىك.

تۇغۇلغاندەك بىردىنلا
سىۋەتتە سۇ
مەنىمۇ يا شەكىلمۇ؟

قەھۋەخانىدا ئولتۇراتتىم مەن
قوچۇپ قەھۋەنىڭ كۆپۈكىنى.
لەيلەپ چىقىپ دادام ئاق هوردىن
ئاڭلاندى، گەپ قىلغان تونۇش ئۈنى.

بىراق ئۆلۈم ئاسان ياشاشتىن،
هايات ئېغىر بولغاچقا تاشتىن
قىلالمىدىم تەرجىمە ئۈنى.

پۈتلىرىم يېنىدىن بىر جۈپ قۇرۇق كەش
چاقماق چاققاندەك ئۆتۈپ كەتكەچ
قىلالمىدىم تەرجىمە ئۈنى.

ئۈستۈمدە دۇنيانىڭ كۆك خەرىتىسى،
بەزىدە كۆكتىن چۈشەر يېڭى سۆز.
كۆرىمەن ئىگەمنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى،
مەن سۆزلەرگە تاشلاپ چوڭقۇر كۆز.

## Outside of the Kitchen

You walk barefoot on the carpet,
your slippers two empty flowerpots
on the threshold of the kitchen,
spreading their fragrance in my thoughts.

But I never feel at ease in the kitchen,
for I am afraid of water when I drink,
for the sun pointed its gun through the window, I think,
for solitude, a lotus that I sit in as I sink.

Now my wife is a sort of tomato jam,
and I, a man who wants to taste a ripe fig
in the afternoon within this poem.

The long sentence of my body is the excess of the night,
yours, a place for a comma where forever I may write.
The bedroom suited for poetry, so murky and so quiet,
but high in the sky someone has already turned on the light.

# ئاشخانا ئۆينىڭ سىرتى

يالاڭئاياغ ماڭساڭ گىلەمدە
ئىككى كىپىشىڭ گۈل تەشتىكىدۇر
بوسۇغىدا گۈلسىز، بوش تۇرغان
خىيالىمدا تارقىتىپ خۇشبۇي.

بىراق مەن ئاشخانا ئۆيدە
بولالمايمەن ئەركىن - ئازادە.
قورقىمەن سۇدىن ئىچمۇيتىپ،
كۆن روجەكتىن تۇرىدۇ بەتلەپ.
غىربىلىق ئىچلىپ تۇرغان نىلۇپەر
ئولتۇردۇم ئىچىدە بىر چۆكۈپ - لەيلەپ.
خوتۇنۇم بىر خىل شوخلا قىيامى،
پىشقان ئەنجۈرنى تىتىغۇم كېلەر
شىئىردىكى چۈشتىن كېيىندە.

تىنىمدىكى ئۆزۈن بىر جۈملە
كىچىنىڭ ئارتۇق قىسمىدۇر پۈتۈن.
تىنىڭدىكى بىر پەشلىك ئورۇن
مەڭگۈ مىنىڭلا يىزىشىم ئۈچۈن.

ھۈجرام شىئىرغا لايىق رەۋىشتە
تەييارلانغان جىمجىت ۋە خىرە.
كىمدۇر بىرى ئىگىز ئاسماندا
چىراغلارنى ياقتى لاپپىدە.

## A Rose Named Cockroach

When I have withdrawn my white troops into darkness by the name of day,
When I have visited the rickety kingdom of the old table,
When I have sniffed the melancholy scent of hidden things like a wet vagina,
When I have seen a blood orange thrown from a window at the crowded street,
When I have found the moon crawling in the sewer on its crimson legs,
When the rusty faucet has shouted at the polluted future of water,
There will be a rose, perhaps many, blooming open with the lines of my poem.
The name of this rose that you all have given me is cockroach.
Gardener, you have blown a bud in the garden of the cosmos and silently let it bloom,
Is it a roach or is it me?

# سۆيۈمەك دەپ ئاتالغان بىر گۈل

كۈندۈزنىڭ نامىدا ئاق قوشۇنلارنى قاراڭغۇغا چېكىندۈرگەن ۋاقىتمىدا،
لىڭشىپ قالغان پادىشاھلىقنى ئەبگا شىرەنىڭ، زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ۋاقىتمىدا،
ئايالىلارنىڭ ئۆيات يىپرىدەك پىنھان نەرسىلەرنى غەمكىن پۈراۋاتقان ۋاقىتمىدا،
قان رەڭلىك ئاپپىلسىننى دىرىزىدىن ئاتقاننى قىستا - قىستاڭ كوچىغا، كۆرۈۋاتقان ۋاقىتمىدا،
ئاينىڭ يۈندا ئازگىلىدا ئۆمىلىگىننى قىزغۇچ پۈتىدا بايقاپ قالغان ۋاقىتمىدا،
داتلاشقان جۇمەك سۇنىڭ بۇلغانغان كەلگۈسىگە ۋارقىراپ - جارقىراۋاتقاندا،
بۇندا بىر تال ئەتىرگۈل بار، بەلكىم تالاي، مىسرالىرىمدا ئېچىلىپ تۇرغان
ئېچىلدۇردۇڭ ئەي باغۋەن، ئالەم گۈللۈكىدىكى بىر تال غۇنچىنى ئۇن - تىنسىز پۈۋلەپ،
مەن ئۇنى نىمە دەپ ئاتىشىم كېرەك، ئۇ مەندۈرمەنمۇ ياكى سۆيۈمەك؟

# The Wind

Someone is whispering
in my ear,
to a lake that was given a mirror,
to a willow tree like a Sufi in a ragged green robe,
waiting for his Lover.

And then I see the wind,
at its end,
the whisperer hiding himself.

# شامال

كىمدۇر بىرى قۇلىقىمغا پىچىرلىدى،
كۆلگە پىچىرلىدى ئەينەك بېرىلگەن.
پىچىرلىدى مەجنۇنتالغا —
يېشىل تون كىيگەن جۆندەك سوپىدەك
ساقلاۋاتقاندا سۆيگەن دىلدارغا.

كۆردى شامالنى كۆزلىرىم ئۇچى،
شامالنىڭ ئاخىرىدا، قىلىپ بىر دالدا
پىنهان بولۇپتۇ پىچىرلىغۇچى.

## The Onion

In the oil's song
the days burnt long.

In the oil's song
I was chopped,
and fried,
and I cried.,
Around me is a deaf world.

A woman who dressed in white skin
said nothing,
when I touched her.

A vegetable who that is
undressing layer after layer
for shading my tear to talk too much.

I live in the sour taste of the onion,
When I looking out from wounded words
in my mother tongue.

I am a chopped onion.

No, I am not the onion
in the language of God.

# پٮياز

ياغٮنٮڭ ناخشٮسٮدا
كۆيدى ئۇزاق كۇنلەر.

ماينٮڭ ناخشٮسٮدا
قٮيما - چٮيما قٮلٮنغان،
قورۇلغان،
توۋلغان مەن،
چۆرەمدٮكى دۇنيا پاك ئٮكەن.

بٮر ئايال ئاق پٮشماق تېرە كٮيگەن
ئۇندٮمٮدى، زۇۋان سۇرمٮدى
تۇتسامۇ مەن.

بٮر كۆكتات
يېشٮنٮپ قات - قات
مېنى مۆل - مۆل تۆكتۇرمەكتە ياش.

ياشاش پٮيازنٮڭ ئاچچٮق تەمٮدە
قارٮسام تٮلٮمدٮكى
سۆزلەردٮن زېدە.

مەن توغرالغان بٮر باش پٮيازمەن.
خۇدانٮڭ تٮلٮدا ياق - ياق
پٮياز ئەمەسمەن.

## The Moon in Another Tongue

1

As I spelled out night,
splits of reddish moon
hung upon my tongue.

2

Smooth, round, and hot snow,
Snow is the color of your breast.
Now and then two crescent moons
rising out of the bed.

3

How many pages are there in the night,
that you have written with ink and light?
And a transparent sheet fallen out of your book
is morning, and I read with endless delight.

## باشقا تىلدىكى ئاي

1

كېچىنى تەلەپپۇز قىلغىنىمدا
ئاينىڭ پۇچۇقى، پارچىلىرى
قىزغۇچ ساڭگىلاپ تۇرار تىلىمدا.

2

يۇمىلاق، سىلىق، ئىسسىق قار
قار رەڭگىنى كۆردۇم كۆكرەكتىن.
بىردەم - بىردەم ئىككى ھىلال ئاي
كۆتۈرۈلۈپ تۇرار تۆشەكتىن.

3

تۇن ۋاراقلىرى قانچە بەتتۇر؟
يازدىڭ ئىشلىتىپ دۇۋەت ۋە نۇر.
كىتابىڭدىن چۈشكەن بىر سۆزۈك ۋاراق —
تاڭ سەھەردۇر،
ئوقۇدۇم قىن - قىنىمغا سىغماي.

# The Man Who Spoke with the Black Stone

Today my heart feels sad,
Within me scratches a black cat.
A country, distant and skyless,
in his loneliness the poet goes mad.
And the pallid walls look at me from every side,
seeing how I cried and soundlessly died.

Today, the man who spoke with the black stone
once again returned to stone.
Satan, wearing my brown skin,
was hiding among my stiff bones.

O, woman, you are threadbare silk,
delicate with a lovely tear.
I want to rip you in two pieces,
and like a good tailor, sew and re-wear.

I shut myself up in a star-like hole,
its windows painted with the ink of night.
My poem approaches you, o, woman reader!

And you lick your fingers and bite

When I stop my poem, there is another poet
who has written stars all over the sky.
Then erased them out and scribbled new words:
they are sun, mountain, river, wood, magpie . . .

# قارا تاشقا سۆزلىگەن ئادەم

يۈرىكىم بۈگۈن پىغان ئىچىدە،
ئىچىمنى قارا مۈشۈك تاتىلىغان.
ئاسمىنى يوق يىراق بىر ئەلنىڭ
شائىرى غېرىبلىقتىن غالجىرلاشقان.
كۆرگىلى جىمىمىدە ئۆلگىنىمنى
تاتىرىپ قارىشار تۆت تەرەپتىن تام.

قارا تاشقا سۆزلىگەن ئىنسان
قايتتى بۈگۈنمۇ قارا تاشقا.
بۈغداي ئۆڭۈمنى كىيىپ شەيتان
ئۈستىخىنىمغا يوشۇرۇنغاچقا.

ئايال بىر پارچە نەپىس يىپەك سەن،
يېقىملىق بىر يىرتىقنىڭ بىلەن.
سېنى ئىككى پارچە قىلىۋەتسەم،
ئۈستا سەيپۇڭدەك تىكىپ، كىيىپ مەن.

تۆشۈك يۈلتۇزدەك سولىنىپ قالدىم
دېرىزەم بويالغان تۈن سىياھىدا.
شېئىرىم ساڭا يېقىن كېلىپ
شوراپ بارمىقىڭنى چىشلەيدۇ راسا
ئەي چىشى ئوقۇرمەن.

مەن شېئىرىمنى توختاتقاندا
ئاسمانغا يۇلتۇزلارنى يازغان شائىر
ئۆچۈرۈپ يېڭى سۆز يازماقتا بۇندا
كۈن، تاغ، دەريا، ئورمان، قۇش ... ئۇلار.

## The Pomegranates of Kashgar

At the entrance to history
a man built the house of the Creator,
but he himself has no home.

At the roundabout of time,
while a woman faces the sunset,
trying to mend the sky, with red threads
I listen to the cry of a muezzen
beckoning all to the evening prayer.

From the exit of the old city
a man, a true lover of God,
enters the seventh heaven.
There the sun explodes blood-red
like a pomegranate of Kashgar.

# قەشقەر ئانارى

تارىخنىڭ كىرىش ئىشىكىدىكى
بىر كىشى رەببىگە ئۆي سالماقتا،
ئۆزىنىڭ بولسا ئۆيى يوق تېخى.

ۋاقىتنىڭ ئايلانمىسىدا
كۈن پېتىشقا قاراپ بىر ئايال
قىزىل يىپتا ئاسماننى يامار.
مەن ئاڭلايمەن ئەزان ئۈنىنى
مەزىن بىزنى شامغا چاقىرار.

كونا شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن
خۇدانىڭ ئاشىقى بولغان بىر ئادەم،
يەتتىنچى ئاسمانغا تاشلىدى قەدەم.
ئۇندا قۇياش پارتلايتتى،
قەشقەر ئانارىدەك قىپقىزىل پېتى.

# A Horror Movie

Your scribbles in the fire
and my scriptures upon the water
have been read out by Lucifer.

A horror movie
our children were forced to watch,
at the end two stars in the loony bin
trying to perform as good parents.

I heard a shout from the sky:
"Take your mind off of it!"

Slowly, my upper body was once again a man's
changed back from an animal's,
and your lower half once again became a blossom
mysterious and cannibalistic.

O, praise be to God
for creating Adam
and making iron-stiff men
softer than water
with His wisdom.

# قورقۇنچلۇق كىنو

سىنىڭ ئوتقا يازغان قول يازماڭ،
مىنىڭ پوچېركام سۇ ئۇستىدىكى،
ئۇنى ۋارقىراپ ئوقۇيتتى شەيتان.

باللار كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان
قورقۇنچلۇق بىر كىنو،
ئاخىرىدا ئىككى چولپان
ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا
ياخشى ئاتا ـ ئانا رولىنى ئالغان.

ئاڭلاندى ئاسماندىن ماڭا بىر خىتاب
كىرىشىۋالماي ھوي، ئەقلىڭنى تاپ.

ئاستا ـ ئاستا مىنىڭ باش قىسمىم
ھايۋاندىن ئادەمگە ئۆزگەرمەكتە.
سىنىڭ يېرىمىڭ ئاستىنقى جىسمىڭ
ئۆزگەردى سىرلىق، گۆشخور چېچەككە.

ھەمدۇ سانالار خۇداغا بولسۇن
ئادەمنى ئادەم قىلدى مۇشۇنداق.
قىلدى تۆمۈردەك قاتتىق ئادەمنى
سۇدىن يۇمشاق، سۇدىنمۇ يۇمشاق.

# Traveler

Approaching the steps of twilight
at the exit of night.

The last star
written in blue ink
by a towering branch, the pen of trees.

I have set out to heaven
through the lines of your holy verses.

# سەيياھ

سەھەر قەدەمسىرى يىقىنلاشقان
كىچىنىڭ چىقىش ئىشىكىگە.

چولپان
كۆك سىياھدا يىزىلغان
دەرەخلەر قەلىمى ئىگىز بىر شاختا.

ئاسمانغا قاراپ يول ئالدىم ئاستا
ئايەتلىرىڭدە مەن مىسرا ـ مىسرا.

## A Poem in the Uyghur Tongue

It is drizzling in my language,
the liquid afternoon
falling in drops.
I hang out between two lines
in a word with meaning heavier than June.

Pigeons walk upon the white paper,
their feet thin and blue.
Outside this poem appears a grey blazer,
frightened words coo and all fly away.

Grammar, you are a shower I don't like,
for I am a poet who has no umbrella.
When Allah gives the sky a clear hue,
I joyously blow my life into words, too.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر شېئىر

ئانا تىلىمدا سىمىلدار يامغۇر
سۇيۇق چۇشتىن كېيىن
چىپىلداپ تېمىپ.
بىر سۆزنىڭ مەنىسى ئېغىر ئىيۇندىن،
مىسرالار ئارا قالدىم ئېسىلىپ.

ئاق قەغەزدە كەپتەرلەر ماڭار
ئىنچىكە، كۆك پۇتلىرى بىلەن.
ئۇچۇپ كەتتى ئۈركۈپ، بۇقۇلداپ
شېئىر سىرتىدا
كۆرۈنگەندە بىر فورما كۈل رەڭ.

گىرامماتىكا شار - شۇر يامغۇرسەن،
مەن ساڭا ئۆچ
بولغاچقا مەن كۈنلۈكسىز شائىر.
ئاسمانغا ئوچۇق رەڭ بەرگەندە ئىگەم،
سۆزلەرگە جېنىمنى خۇشال پۈۋلەرمەن.

# Walking Past the Beijing Planetarium

As I study the evening sky
my eyes are black stars.
And I, myself, am a celestial body
floating in this city.

Before this moment
a flock of birds flash red
behind the dark trees.
A strawberry-seller calls it sunset.

Behind a desk a cluster of angels
move in the air.
The astronomer, through his telescope,
wants to see a constellation.

But telescope can't see anything
without a pair of eyes.
The astronomer couldn't be astronomer.
without stars and skies.

# بېيجىڭ رەسەتخانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش

مېنىڭ كۆزلىرىم قارا يۇلتۇز،
تۇن ئاسمىنىغا باقسام ئەگەردە.
مېنىڭ جىسمىم بىر ئاسمان جىسمى
لەيلەپ يۈرگەن مۇشۇ شەھەردە.

ئۇشبۇ مىنۇتلارنىڭ ئالدىدا
قىزىل قۇشلار ئۇچقانتى لەپ - لەپ
قاراڭغۇ دەرەخلەردىن دالىدا
بۆلجۈرگەن ساتقۇچى ئاتايىتتى كۈن پاتتى دەپ.

بىر توپ پەرىشتە ئۇستەل كەينىدە
يۈرەر ئىدى ھاۋادا ئۇچۇپ.
ئاسترونوم كۆزىتەر - تېلېسكوپتا
يۇلتۇزلارنى كۆرۈش ئۇچۈن.

ناۋادا بىر جۈپ كۆز بولمىسا
تېلېسكوپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ.
ئاسمان بىلەن يۇلتۇز بولمىسا
ئاسترونوم ئاسترونوم بولالمايدۇ.

# ئىنگلىزچە شېئىرلىرىم ھەققىدە

## 1

گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، 20 يىللار بۇرۇن مەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم قولۇمغا كىتاب ئالغىنىمدا مەقسىتىم ئىنگلىزچە شېئىر يېزىش ئىدى. چۈنكى، مېنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىم 22 يېشىمدا، ئالىي مەكتەپنى تېخى پۈتتۈرمەستە نەشردىن چىقىپ، ھاياتىمنى شېئىرغا بېغىشلاش غايەم ئاللىقاچان تىكلىنىپ بولغانىدى، ئۇ چاغدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ بولغاچقا، ئۆزۈمنى دۇنيا شېئىرىيەت كوچىسىدىكى بۈيۈك شائىرلار بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك ئويلايتتىم. لېكىن، كۆڭلۈم زادىلا تەسكىن تاپمايتتى. چۈنكى، ھازىرقى جاھاندا دۇنيادىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان قەدىمكى بىر مىللەتنىڭ شائىرى ئىنگلىزچە ئىجادىيەت قىلمىسا ئۇنىڭ ئاۋازى پەقەت ئۆزىگىلا ئاڭلىناتتى. ئەكس ساداسى ئۆز توپى ئىچىدىن قايتىپ كېلەتتى. شۇڭا، مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تۇنجى ئىنگلىزچە ھەرپنى ئوقۇشقا باشلىغان كۈندىن باشلاپ نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، بىر كۈنمۇ بوشىشىپ قالمىدىم، خۇددى تاشپاقىدەك ئۆز

نىشانىمغا قاراپ 20 يىل ئۆمىلىدىم. گەرچە مەن ھازىر قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان بىر شائىر بولسامۇ، ئىنگلىز تىلىدا مەن ئەمدىلا ئايىغى چىققان، ئەمما ئۆمىلەپ تەمتىلەپ كېتىۋاتقان بالىمەن. ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىن چىقىپ نەگە بارىمەن؟ ئانا تىلدا شۇنچە كۆپ شېئىرلارنى يازدىم، بەزىدە ئۆزى دۈۋىلىگەن تاشلارنى كۆلگە تاشلاپ چولتوك قىلغان ئاۋازنى ئۆزى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بالىدەك، گويا ئۆز تىلىمدىكىلەر تىرىكچىلىك غېمىدە شائىرنى ۋە شېئىرنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىمەن. ئاخىر ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، يېڭى بىر تىلدىكى ئويۇن مېنى قىزىقتۇردى، ئويۇننى ئەمدى باشلىدىم. بىراق، مەن قايسى تىلغا بارماي تەسەۋۋۇر، شېئىرنىڭ ماتېرىيالى ۋە تالانت ئۆزۈم بىلەن بىللە، بەلكىم ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادىل تۇنىياز بىلەن ئىنگلىز تىلىدىكى ئادىل تۇنىياز باشقا - باشقا شائىرلاردۇر.

شېئىر قەلبىنىڭ ئەڭ يېقىن تەرجىمىسى، قەدىمكى جەمئىيەتتىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئۇلاشقان ئاقسۆڭەك ژانىر. ھالبۇكى، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر بىر - بىرىنى كۆچلۈك زەرەتلەپ يەر شارىلىشىش دولقۇنى ئەۋج ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مەدەنىيىتىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش ھەربىر يەر شارى پۇقراسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. شۇڭا مەنمۇ بۇ ئاقسۆڭەك ژانىر بىلەن ئۆزۈمنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلسام دەيمەن. شېئىرىم ئارقىلىق تىل بوشلۇقى كېڭەيسە، تەپەككۇر يولى كېڭەيسە، ئۇستۇمنى بېسىپ تۇرغان تاغدەك بۇرۇچتىن بىر نەپەس يەڭگىللەپ قالاتتىم.

## 2

ئۆزۈمنىڭ ئىنگلىز تىلىدا شېئىر يېزىش لاياقىتى ۋە قانچىلىك ئىقتىدارى بارلىقىنى كۆپ ئويلىشىپ ئولتۇرماي بىسمىللاھ دەپ قولۇمغا قەلەم ئالغانىدىم، ھازىرغىچە، بولۇپمۇ بۇلتۇردىن باشلاپ ئىنگلىزچە يازغان شېئىرلىرىم 40 نەچچە پارچىگە يېتىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈم قاتارغا ئۆتىدۇ «ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى»غا چۈشىدۇ، دەپ قارىغانلىرىمدىن مۇشۇ 12 پارچىنى تاللاپ قاپ يۈرەكلىك بىلەن بۇ توپلامغا كىرگۈزدۈم، مەقسىتىم دۇنيا شېئىرىيەت چوققىسىغا چىقىش نىيىتىگە كەلگەن مەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىغا بايراق تىكلەپ بېرىش، دۇنيا خەلقىنىڭ داستىخانىغا مايماق - سايماق بولسىمۇ ئۆزۈم ياققان بۇ نانلارنى قويۇپ دوستانە كۆڭلىمىزنى، مەۋجۇتلۇقىمىزنى بىلدۈرۈش.

گەرچە بۇلار شېئىر بولسىمۇ، ياخشى - يامان دوستلىرىمىزنىڭ ئادىل تۇنىياز ئىنگلىزچە نېمىلەرنى دەپ كەتكەندۇ دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز پېتى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ قويدۇم، ئەسلىدىكى ئىنگلىزچىدا «ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى»نىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان قاپىيە، رىتىمغا خېلى كۆپ ئېتىبار قىلغان بولسامۇ، ئۇيغۇرچىدا ئەينەن چىقىرىپ بولغىلى بولمىدى، ئەمما مەزمۇنى ئەينەن بولدى. ئىنگلىزچە يېزىلغان بەزى شېئىرلىرىم ئوخشاش ماۋزۇدا ئۇيغۇرچىدىمۇ بار، لېكىن

تەرجىمىسى ئەمەس، بىر ماۋزۇدىكى باشقا - باشقا شېئىر. مەككىدىكى چاغلىرىمدا يازغان شېئىرلىرىم «تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم» نامىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نەشىردىن چىقتى، لېكىن ئۇيغۇرچە ئۇنداق شېئىرىم يوق، «قارا تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم» دېگەن ماۋزۇدا ئەينى چاغدا ئىنگلىزچە يازغان شېئىرىمنى بۇ توپلامغا كىرگۈزدۇم.

تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، شېئىر تۇيغۇنىڭ تەرجىمىسى، ئانا تىلدا يېزىلغان شېئىرلار تېخىمۇ شۇنداق. مەيلى تىل ئىشلىتىش ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، ئىنگلىزچە شېئىرلىرىمنىڭ ئانا تىلدىكىگە يېتەلمەيدىغىنى ئېنىق. بىراق، زورۇقۇپ يېزىلغىنى يوق. خۇددى ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىمغا ئوخشاش ھەربىرى بىر قېتىملىق تەبىئىي ئىلھامنىڭ، قايناق ھاياجاننىڭ مەسئۇلى، ئۆز جېنىمدىن چىققان، ئىنگلىز تىلىمدىن تۇغۇلغان ئۆز بالام. مەن ئۇلارنىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

## 3

ئىنگلىزچە يازغان شېئىرلىرىمنىڭ مۇشۇ ھالەتتە كىتابخان بىلەن يۈز كۆرۈشەلىگەنلىكى ئۇچۇن ئەلىس ئاندىرسون (ئۇيغۇرچە ئىسمى نازاكەت) خانىمغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. بەلكىم بۇ شېئىرلىرىم ئىنگلىز تىللىق كىتابخانلارغا ئادەتتىكىچە كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ئەمما نازاكەت خانىمنىڭ نازاكەتلىك تەھرىرلىشى بولمىغىنىدا بۇ شېئىرلىرىم گىراماتىكىلىق خاتالىقلىرى، پەش، چېكىتلەرنىڭ جايىغا قويۇلماسلىقى ۋە چوڭ - كىچىك

ياكى خاتا يېزىلغان ھەرپلىرى بىلەن بۇنىڭدىنمۇ ئوسال، بۇنىڭدىنمۇ قوپال ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

ئەلىس خانىم ئامېرىكىدىكى كۆپ يىللىق، سىستېمىلىق ئوقۇشلىرىنى تاماملاپ دىيارىمىزدا ئايرىم - ئايرىم ئىككى پەن بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان، كەلگىنىگە ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما پات - پات تېلېۋىزور ئېكرانلىرىمىزنىڭ، مەدەنىيەت سورۇنلىرىمىزنىڭ فوكۇس نۇقتىسى بولۇپ قالغان مەدەنىيەت ئەلچىسى، خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى. مېنىڭ نەزەرىمدە شېئىر قىلدەك نازۇك، شېئىر تەھرىرلىكى تېخىمۇ شۇنداق، ئانا تىلى ئىنگلىزچە بولسىلا ئىنگلىزچە شېئىر تەھرىرلەش سالاھىيىتى بولغان بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، نەزم تەھرىرلەش ئۈچۈن شېئىرنى، شېئىرىي تىلنى چۈشىنىشى، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇسىنى ئاڭقىرالىشى كېرەك.

ئەلىس خانىم بىر قىسىم ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. ئامېرىكىدىكى بىر ئىلمىي ژۇرنالدا بىر يىل تەھرىرلىك قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇش ئېھتىياجى بىلەن ئىزچىل تۈردە ناخشا - مۇزىكا، ئاۋاز ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە ھەرجەھەتتىن شېئىر تەھرىرلىكىگە ماس كېلىدۇ دەپ ئويلىدىم ۋە كېيىن ھەقىقەتەنمۇ توغرا تاللىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەلىس خانىمنىڭ بىر تال پەش، چېكىتكىمۇ چوڭ مەسىلە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان ئامېرىكىلىقلارغا خاس ئەستايىدىللىقى، يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان تەلەپچان ئۇستازدەك قاتتىقلىقى ۋە

شائىرلارغا ئوخشاش سۆز ئىشلەتكەن چاغدىكى ھېسسىياتقا، رىتىمغا، مەنىگە بولغان ئالاھىدە سەزگۈرلۈكى سەۋەبلىك، بۇ شېئىرلارنى تەھرىرلەشكە ئاز دېگەندىمۇ بەش سائەت ۋاقتىمىز كەتتى.

بۇ جەرياندا مېنىڭ تۇنجى تەسىراتىم رەھمەت، تەشەككۇر بولسا، ئاخىرقى تەسىراتىم چەت ئەل تىلىدا شېئىر يېزىش ھەقىقەتەن ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەسكەن دېگەنلەر بولدى. ئەلىس خانىمنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغىنى ماڭا نامەلۇم، ئەمما بىر شېئىرنىڭ تەھرىرلىكىدە بىز ئازراق دەتالاش قىلىپ قالدۇق.

ئەلىس خانىم، ــ سىزگە قارىغاندا مەن ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىگىسى، ئىنگلىزچىدە بۇ ئىككى سۆز بىر يەرگە كەلمەيدۇ، ــ دېدى. باشقا مەنە بويىچە ئۆزگەرتىشكە مەن قېتىلمىدىم، ئەلىس خانىم، ــ ئۇنداقتا ئۆزىڭىز يازغان مۇشۇ مىسرالارنى ئۆزىڭىز ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ بېقىڭ، ئاندىن مەن ئىنگلىزچە قىلىپ باقاي دېدى. مەن ئۇنى دەرھال:

«شېئىر سىرتىدا

كۆرۈنگەندە بىر فورما كۆل رەڭ ...»

دەپ راۋان ئۇيغۇرچە ئۆرۈپ يېزىپ بەردىم. ئەلىس خانىم بىرھازا ئويلىنىپ، ــ بۇ يەردە ئاشۇنداق ئالماي بولمىغۇدەك، ئەمما بۇ ئىنگلىزچىدە بىر قولاشمىغان، كالامپاي جۈملە بولۇپ قالدى، ــ دېدى ۋە، ــ ئۇيغۇر تىلى ھەقىقەتەن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئوخشاش شېئىرىي تىل ئىكەن، ئىنگلىز تىلى ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى.

شۇنداق، ئۇيغۇر تىلى قەدىمىي، لېكىن قېتىپ قالمىغان،

سۆيى، ھاياتىي كۆچى بار، تەسەۋۋۇرغا باي تىل. ۋاھالەنكى، تىلىمىز ئىنتايىن قېلىپلاشقان، ئېنىقلىقنى، ئەقىلنى، كونكرېتلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنگلىز تىلىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلى تارىختا نۇرغۇن دىنلارنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتكەن بولغاچقىمۇ بىلىنمىگەن، سىرلىق، پىنھان مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلەش، تۇيغۇنى ۋە رېئاللىقنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىشكە تېخىمۇ باب كېلىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا شېئىر يېزىشقا تولىمۇ لايىق!

يەر شارىدىكى ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى. بىر مىللەت يالغۇز قالسا ياكى يەر شارىدا بىر ئادەم يالغۇز قالسا شۇ ھامان قورقۇنچ بېسىپ ئەتراپىدا كۆرۈنگەن ھەرقانداق بىر ئىنسانني ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشىدەك، ئىگىچە - سىڭىللىرىدەك چاقىرىدۇ. بىز قايسى تىلدا، قايسى دىندا، قايسى ئىرقتا بولمايلى ھەربىر ئىنسان بىپايان كائىناتتىكى ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان، قايتا تېپىلمايدىغان، چەكسىز قەدىر - قىممەتكە ئىگە ئۇلۇغ مۆجىزە. بىز يېنىمىزدىكى بۇ ئۇلۇغۋار مۆجىزىگە — بىر - بىرىمىزگە قايتىدىن سىنچىلاپ قاراپ باقايلى!

سىڭلىم ئەلىسكە يەنە بىر قېتىم سەمىمىي رەھمەت!

2015 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

# Editor Bio

Elise Anderson (Uyghur name: Nazaket) was born in Tishomingo, Johnston County, Oklahoma (OK), in September 1983. Music played a formative role in her early life: her father taught her to sing when she was a toddler, and she began playing the clarinet and bass clarinet in 1994, at age 11. Elise majored in voice as an undergraduate at Oklahoma Baptist University (OBU) in Shawnee, where she sang alto in several choirs and played baritone saxophone and clarinet in a jazz orchestra, soprano recorder in a Renaissance music consort, and bass clarinet in a symphonic band. In the summer of 2004, OBU sent her to Xinjiang University to participate in a summer exchange program. This was an unforgettable experience for Elise, sparking in her an interest in studying Uyghur music. After she returned to the U.S, she began studying anthropology and reading as much as she could about Uyghur culture. She was named the Outstanding Graduate in Music at OBU in 2006, and graduated *summa cum laude* and With Honors that year.



Immediately following her college graduation, Elise moved to Bloomington, Indiana, to begin graduate studies in Ethnomusicology at Indiana University (IU). She began

studying the Uyghur language in 2006, followed by Mandarin and Tajik in 2009, and later Chaghatay, Literary Chinese, and German (2011). She earned a Master of Arts degree in Ethnomusicology in 2009, followed by a second M.A. degree in Central Eurasian Studies in 2011. From 2011 forward, she has been pursuing dual Ph.D. degrees in Ethnomusicology and Central Eurasian Studies at IU. At Indiana she has worked as a teaching assistant (2009–11) as well as an editorial assistant at the *Journal of Folklore Research* (2011–12). She is a five-time recipient of the Foreign Language and Area Studies Fellowship, which supported her studies of the Uyghur and Tajik languages in summers 2006, 2009, and 2010, and the academic years 2007–8 and 2008–9. In 2011 she won a Pre-Dissertation Research Grant from IU and spent May and June of that year developing her dissertation topic while she translated oral epic poetry from Uyghur to English at Dr. Rahile Dawut's Xinjiang Research Folklore Center.

In Fall 2012 Elise studied Intensive Mandarin for a semester at the Harbin Institute of Technology in Heilongjiang Province. In December of that year, she moved to Ürümchi to begin her dissertation research, supported by a prestigious Fulbright IIE grant. In 2013 she was a visiting researcher at Xinjiang University, where she continued working in the Xinjiang Folklore Research Center and also took courses in folklore. In the 2013–14 year, she won the prestigious Fulbright-Hays grant and enrolled at the Xinjiang Arts Institute, where she has been

learning to sing the *Uyghur on ikki muqami*. She is also studying *dutar* and dance performance in her spare time. In December 2013, she was deeply honored when the Ozturk Company in Ürümchi selected her as one of fourteen winners of its Scholarship for Female Graduate Students. Elise has traveled widely throughout southern Xinjiang conducting field research. She maintains a busy schedule as an occasional translator (Uyghur–English and Chinese–English) and editor, and she delights in all the opportunities she has for musical, cultural, and scholarly exchange with the people of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region.

ANDERSON ELISE MARIE

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابلەت ئەيسا

مەسئۇل كوررېكتور: ئاينۇرقىز مەمتىمىن

## ئادىل تۇنىياز

# كۆك ئاسمان


نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى

ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى : 100013

تېلېفون نومۇرى : 010－64290862

ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى

نەشرى : 2016 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

بېسىلىشى : 2016 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى : 11.75

باھاسى : 45.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-14678-9/I・2809 维 390

责任编辑：阿卜莱提·艾萨
责任校对：阿依努尔克孜·买买提

图书在版编目（CIP）数据

蔚蓝的天空 ：维吾尔文 / 阿地里江·吐尼亚孜著
. -- 北京 ：民族出版社，2016.11
ISBN 978-7-105-14678-9

Ⅰ. ①蔚… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①诗集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第290978号

---

**出版发行**：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
**社　　址**：北京市和平里北街14号　邮编：100013
**电　　话**：010-64290862（维文室）
**印　　刷**：北京盛通印刷股份有限公司
**版　　次**：2016年12月第1版　2016年12月北京第1次印刷
**开　　本**：850×1168毫米 32开
**印　　张**：11.75
**定　　价**：45 .00元

ISBN 978-7-105-14678-9/I·2809　维390

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-105-14678-9
9 787105 146789 >
定价：45.00 元

扫一扫获得更多资讯